8

# ياچېيكا تۇرمۇشى

1990

ZHIBU SHENGHUO





← يېزا ئىگىلىك بىرىنچى شى دوختۇرخانىسىنىڭ دوختۇرى، كومپارتىيە ئەزاسى ئالىم بىر نەچچە يىللىق خىزمەت داۋامىدا، ئىزچىل تۈردە ئەستايىدىل مەسئۇل بولۇپ ئىشلەپ، بىمارلارغا ئۆز تۇغقىنىدەك مۇئامىلە قىلىپ، كۆيۈنۈپ داۋالاپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشىپ، شەھەر بويىچە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئاكتىپى دېگەن نامغا ئېرىشتى.

سۈرەتتە: ئۇ سەۋرچانلىق بىلەن كېسەللەردىن ئەھۋال سورىماقتا.

↓ كۇچا ناھىيىسىگە بىۋاستە قاراشلىق ئورگان پارتكومى يېڭى يىل كىرگەندىن بۇيان ئىككى قارار پارتىيە دەرسى ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىپ ھەر قايسى ساھەلەردە جاپالىق ئىشلەۋاتقان، پارتىيە ئەزالىق شەرتىنى ھەقىقىي ھازىرلىغان ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى پارتىيىگە قوبۇل قىلىپ، پارتىيە قوشۇنىنى زورايتىپ، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈردى.

سۈرەتتە: 5 - ئاينىڭ 14 - كۈنىدىن 18 - كۈنىگىچە ئېچىلغان باچىبېكا ھەيئەتلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسىدىكى كۇرسانتلار دەرس ئاڭلىماقتا.

قەييۇم قادىر فوتوسى



↑ مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى، شىنجاڭ ھەربىي رايون بويىچە «لېي فېڭدىن ئۆگىنىش ئۈلگىسى»، مەلۇم تۈەن ساقلىقنى ساقلاش ئەترىتىنىڭ سانىتارى گو كەيۈن (سولدا) ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان رېماتىزىم كېسىلىگە گىرىپتار بولغان بىر نەپەر قازاق ئايالنى كۆيۈنۈپ داۋالىدى.

لى ۋېنلىن فوتوسى





← شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى قاراماي مازۇت ئېچىش شىركىتى ئىنېرگىيە قېزىش جوڭ ئەترىتى ئىشچىلار توپىنىڭ رەئىسى، كومپارتىيە ئەزاسى يولداش سادىق (ئوتتۇردا) مىللىي ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە بولغان ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشكە تېگىشلىك تۆھپە قوشۇپ، كۆپ قېتىم شىركەت دەرىجىلىك ئىلغار ئىشلەپچىقارغۇچى، مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى بولۇپ باھالاندى. سۈرەتتە: ئۇ قۇدۇق ئۈستىدە يېڭى ئىشچىلارغا نېفىت قېزىش تېخنىكىسىنى ئۆگەتمەكتە.

ۋاڭ يۈەنلەي فوتوسى

# مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى ئۈنۈملۈك ھالدا ئۇزاقىچە ئېلىپ بېرىش لازىم

بىزنىڭ ھازىرقى ۋەزىپىمىز — غەلىبىسىرى ئالغا ئىلگىرىلەپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى ئۈنۈملۈك ھالدا ئۇزاقىچە ئېلىپ بېرىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشتىن ئىبارەت... نۆۋەتتە پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلار تونۇشنى يەنىمۇ بىرلىككە كەلتۈرۈشى، «شىنجاڭدىكى ئاساسىي خەۋپ — مىللىي بۆلگۈنچىلىك» دېگەن قاراشنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشى ۋە مۇستەھكەم تىكلىشى، بۆلگۈنچىلىك قىلىش بىلەن بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى يېڭى ۋەزىيەتتە شىنجاڭدىكى سىنىپىي كۈرەشنىڭ ئاساسىي ئىپادىسى ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشى ۋە قەتئىي تونۇشى لازىم. پۈتۈن پارتىيىدە سوتسىيالىستىك تەربىيە ۋە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش تەربىيىسىنى تېخىمۇ كەڭ، چوڭقۇر ئېلىپ بېرىپ، پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلارغا بۆلگۈنچىلىك قىلىش بىلەن بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى ھاكىمىيەت مەسىلىسىنى چۆرىدىگەن ھايات - ماماتلىق ئوتتۇرىسىدىكى سىنىپىي كۈرەش ئىكەنلىكىنى، بۆلگۈنچىلەر ھەر مىللەت خەلقىنىڭ خائىنلىرى ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ جىنايى ھەرىكەتلىرى ئاساسىي قانۇنغا، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە خىلاپ ئىكەنلىكىنى، ئۇلار ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق دۈشمىنى ئىكەنلىكىنى تونۇتۇش لازىم.

(يولداش ھامىدىن نىيازنىڭ «ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 3 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 15 - ئومۇمىي (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىنىڭ ئومۇمىي يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزى» دىن ئېلىندى)

باشرت

# ياچېيكا تۇرمۇشى (ئايلىق ژۇرنال) 1990 - يىل 8 - سان




ج ك پ ش ئۇ ئا ر كومىتېتى تەشكىلات، تەشۋىقات بۆلۈملىرىنىڭ باشچىلىقىدا نەشر قىلىندى.
ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، موڭغۇل تىللىرىدا نەشر قىلىندۇ.
ھەر ئاينىڭ 15 - كۈنى نەشردىن چىقىدۇ.


| | |
|---|---|
| ج ك پ ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى 15 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرەيلى | جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پارتىيىنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى قارارى»نى ئىزچىللاشتۇرۇش ھەققىدىكى پىكرى ···· 4<br>ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك ···· سۇڭ خەنلياڭ 18 |
| بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغدايلى | مىللەتلەر باراۋەرلىكىدە ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا چىڭ تۇرايلى ···· جى رەن 21<br>مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا چىڭ تۇرۇپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرايلى ···· جياۋ يۈگېي 27 |
| خىزمەت تەجرىبىسى | ئۇلار مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىن ئىبارەت چوڭ ئىشنى قانداق تۇتتى؟ ···· نېفت ئىدارىسى پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى 30 |
| نەزەرىيە ۋە مۇھاكىمە | مەركەزلەشتۈرۈش — دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنىڭ ماھىيىتى ···· جۇ جىڭرۇڭ 32 |
| ئاۋانگارتلار كۆركى | پارتىيىنىڭ ياخشى ئوغلانى، خەلقنىڭ چاكىرى ···· ۋاڭ چىڭجىن، لى جيې 34 |
| خەت ساندۇقى | پارتىيە ئەزالىرىغا بېرىلىدىغان ئىنتىزام جازاسى توغرىسىدا سوئال - جاۋابلار ···· 37 |

ئومۇمىي 318 ـ سان

«پاچىيكا تۇرمۇشى» رېداكسىيىسى
نەشرگە تەييارلىدى.

- شىنجاڭ گېزىتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى؛
- مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن ژۇرناللار نومۇرى CN 65 — 1003/Z
- مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا مۇشتەرى قوبۇل قىلىنىدۇ؛
- ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ؛
- ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى ساغلام يولى 2 ـ قورا،
- تېلېفون: باش ئاپپارات 77524 تارقىتىش 698 . 829؛
- ۋاكالەت نومۇرى: 42 ـ 58، باھاسى 0.50 يۈەن، پوچتا نومۇرى: 830003.


| | |
|---|---|
| پاكلىق قۇرۇلۇشى | ھۆكۈمەت ئىشىدا پاك بولۇش تۈزۈمىنى قۇرۇلۇشىدا دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان بىرقانچە مەسىلە ...... ي. ھاشىم 41 |
| تەشكىلىي قۇرۇلۇش | پارتىيىنىڭ تەشكىلات كادىرلىرىنىڭ كەسپىي ئەخلاق ئۆلچىمى توغرىسىدا ...... لى. ئىبرايىم 42 |
| پارتىيە ئىنتىزامىنى چىڭىتىش | راخمان تۇر پارتىيە ئىنتىزامى جازاسىغا تارتىلدى ...... ئەمەت، ئا. تۇر 45 |
| تەمسىلەر | جياڭ زېمىن ئۆزى ئۈستىدىكى ئىنئاغا رەددىيە بەردى (9 پارچە) ...... 48 |
| گۈل ۋە تىكەن | ئوبرازلىق تەربىيە، ئەمەلىي ياردەم (4 پارچە) ...... 46 |
| دۇنياغا نەزەر | سوۋېت ئىتتىپاقىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەتكەن مىللىي مەسىلە ...... لىۋ جىگرۇڭ 53 |
| تارىخ ۋە شەخس | سوتسىيالىستلار پارتىيىسىدىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگىچە ...... لىي لياڭ 51 |
| بوغدا | ماۋ زېدوڭ ۋە ئۇنىڭ كاتىپى تيەن جيايىڭ ...... ياڭ شەنجى 58 |
| ئەينەك | ھەجۋىي رەسىملەر ...... 64 |

# جوڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ «جوڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پارتىيىنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى قارارى»نى ئىزچىللاشتۇرۇش ھەققىدىكى پىكرى

(1990 - يىل 7 - ئاينىڭ 20- كۈنى)

«جوڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پارتىيىنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى قارارى» ماركسىزملىق مۇھىم ھۆججەت. «قارار»دا پارتىيىمىز دۇچ كەلگەن يېڭى ۋەزىيەت ۋە يېڭى ۋەزىپىگە ئاساسەن، تارىخىي ئەمەلىي تەجرىبىلەر يەكۈنلىنىپ، پارتىيىنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان قان بىلەن گۆشنىڭ مۇناسىۋىتىدەك مۇناسىۋىتىنى ساقلاش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت پارتىيە قۇرۇلۇشىدىكى بۇ تۈپ مەسىلە ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ «قارار»نى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىش، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇشتىن ئىبارەت ئاساسىي لۇشيەننى تېخىمۇ ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئىجرا قىلىپ، شىنجاڭنىڭ تىنچ - ئىتتىپاق بولۇشتەك سىياسىي ۋەزىيىتىنى مۇستەھكەملەپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 90 - يىللاردىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ستراتېگىيىلىك نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىزدا، پارتىيىنىڭ ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئاۋانگارت قوشۇنى بولۇش خاراكتېرىنى باشتىن - ئاخىر ساقلاپ، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى تۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىچكى - تاشقى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ خەلق ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش، تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش سۈيىقەستلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە ئۇلۇغ سوتسىيالىزم ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىزدە رېئال ئەھمىيەتكە ۋە چوڭقۇر تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە. «قارار»نىڭ روھىغا ئاساسەن، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، تۆۋەندىكىچە ئىزچىللاشتۇرۇش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويىمىز:

## 1. دېموكراتىك ۋە ئىلمىي ئاساستا سىياسەت - تەدبىر بەلگىلەش ھەم بەلگىلەنگەن سىياسەت - تەدبىرلەرنى ئىجرا قىلىش تەرتىپىنى ئورنىتىپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، سىياسەت - تەدبىرلەرنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئىجراسىنىڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن كېلىشىگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

1) شىنجاڭ كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ئاپتونوم رايون، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەھۋالى ئىچكى جايلاردىكى ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلارنىڭكىدىن بىر قەدەر زور دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىز ئىچىدىكى جايلارنىڭ ئەھۋالىمۇ بىر - بىرىگە ئانچە ئوخشاپ كەتمەيدۇ. پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ۋە جايلاردىكى رەھبەرلىك ئورگانلىرىنىڭ توغرا سىياسەت - تەدبىر بەلگىلىشىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، جەزمەن ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ

ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، مەركىزىي كومىتېتنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى شۇ جاينىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى بىلەن بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئىلمىي ۋە دېموكراتىك ئاساستا سىياسەت - تەدبىر بەلگىلەش كېرەك.

2) ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدە سىياسىي پرىنسىپ، سىياسىي يۆنىلىش، ئومۇمىي ۋەزىيەت، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، خەلق تۇرمۇشى قاتارلىقلارغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ - چوڭ مەسىلىلەردە سىياسەت - تەدبىرلەرنى بەلگىلەيدۇ ياكى سىياسەت - تەدبىر خاراكتېرلىك تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئىقتىسادىي خىزمەتتە سىياسەت - تەدبىر بەلگىلەش چوڭ - چوڭ فاڭجېن، سىياسەتلەر، مۇھىم ئىسلاھات تەدبىرلىرى، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ستراتېگىيىسى، ئوتتۇرا ۋە ئۇزاق مۇددەتلىك تەرەققىيات پىلانى، يىللىق ئاساسلىق پىلان كۆرسەتكۈچلىرى، مۇھىم قۇرۇلۇش تۈرلىرى قاتارلىق مۇشۇنداق قاتلامغا قارىتىلىدۇ.

3) ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي ئورگانلار دېموكراتىك ۋە ئىلمىي ئاساستا سىياسەت - تەدبىر بەلگىلەش ئىبگىنى كۈچەيتىشى كېرەك. چوڭ - چوڭ مەسىلىلەر ئۈستىدىن سىياسەت - تەدبىر بەلگىلەشتىن ئىلگىرى، تولۇق تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، تەھلىلىي بولغان تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش دوكلاتى يېزىپ، ئۇنى سىياسەت - تەدبىر بەلگىلەشنىڭ ئاساسى قىلىشى كېرەك. يەنە كۆپچىلىكنىڭ پىكرىنى ئېلىش، ئوتتۇرىغا قويۇلغان تۈرلۈك لايىھىلەرگە قارىتا ھەر قايسى تەرەپلەردىن كەڭ تۈردە پىكىر ئېلىش كېرەك. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ئومۇمىي يىغىندا ۋە دائىمىي ھەيئەت يىغىندا كوللېكتىپ ھالدا سىياسەت - تەدبىر بەلگىلەش فۇنكسىيىسىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى كېرەك. مۇھىم مەسىلىلەر ئۈستىدە سىياسەت - تەدبىر بەلگىلىگەندە، ئىككىدىن ئارتۇق لايىھىنى تەييارلاپ، قايتا - قايتا سېلىشتۇرۇش ۋە نەزەرىيە جەھەتتىن دەلىللەش كېرەك. بەزى چوڭ - چوڭ سىياسەت - تەدبىرلەرنى يولغا قويۇشتىن ئىلگىرى نۇقتىدا سىناق قىلىش كېرەك.

4) ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى سىياسەت، تەدبىر بەلگىلەش جەريانىدا دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى پرىنسىپىنى قاتتىق ئىجرا قىلىشى لازىم، پارتىيە كومىتېتىنىڭ ھەر بىر ئەزاسى چوڭ - چوڭ مەسىلىلەر ئۈستىدە قارار چىقىرىلىشتىن بۇرۇن پىكرىنى تولۇق بايان قىلىشى، كوللېكتىپ ھالدا مۇزاكىرە قىلىپ قارار چىقىرىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا قەتئىي بويسۇنۇشى ۋە ئۇنى قەتئىي ئىجرا قىلىشى لازىم. شەخسلەرنىڭ باشقىچە پىكرى بولسا، ئۇنى ساقلاپ قېلىشقا يول قويۇلىدۇ. چوڭ - چوڭ مەسىلىلەرنى ئاۋازغا قويۇپ قارار قىلىش كېرەك، بۇنىڭدا ئاز سانلىق كۆپ سانلىققا بويسۇنۇشى لازىم.

5) سىياسەت - تەدبىر بەلگىلىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇش لازىم. رەھبىرىي ئورگانلار ۋە رەھبىرىي كادىرلار ئەمەلىي ئەھۋالغا بىرلەشتۈرۈپ، باشلامچىلىق بىلەن ئىجرا قىلىشى لازىم، ئالاقىدار تارماقلار ئومۇملۇقنى چىقىش قىلىپ، قىل دېگەننى قىلىشى، قىلما دېگەننى قىلماسلىقى، ھەرگىز قىسمەن مەنپەئەتنى كۆزلەپ، ئۆزىگە پايدىلىق تەرەپلىرىنى ئىجرا قىلىپ، باشباشتاقلىق قىلماسلىقى لازىم. سىياسەت - تەدبىرنى ئىجرا قىلىش داۋامىدا، نازارەتچىلىك، تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىش، ئۇچۇر قايتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش لازىم. ئىسلاھات داۋامىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان تۈرلۈك تەدبىرلەرنى ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ ئۈزلۈكسىز تولۇقلاش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم. ئوبيېكتىپ ئەھۋالدا زور ئۆزگىرىش بولغان ياكى ئەمەلىيەت ئارقىلىق سىناش نەتىجىسىدە زور كەمتۈكلۈك بارلىقى سېزىلگەن سىياسەت - تەدبىرلەرنى ۋاقتىدا تەڭشەش لازىم. پارتىيىنىڭ سىياسەت - تەدبىرلىرىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلمىغان ئورۇنلار ۋە رەھبەرلەرنى قاتتىق تەنقىد قىلىش لازىم، خىزمەتكە زىيان يەتكۈزگەنلەرنىڭ جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈش، بۇنداقلارنى كەسكىن بىر تەرەپ قىلىش كېرەك.

6) سىياسەت - تەدبىر بەلگىلەش تەتقىقاتى ئېلىپ بېرىش ۋە سىياسەت - تەدبىر جەھەتتە مەسلىھەت

بېرىش ئاپپاراتلىرىنى قۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى سىياسەت ـ تەدبىر بەلگىلەش تەتقىقاتى ئاپپاراتلىرىنىڭ خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىپ ۋە ئۇنى كۈچەيتىپ، ئۇلارغا زۆرۈر خىزمەت شارائىتى يارىتىپ بېرىشى لازىم. ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي ئورگانلار ئەھۋاللارنى پەرقلەندۈرۈپ، ئوخشاش بولمىغان ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، بەزى مۇتەخەسسىس ۋە پىنسىيىگە، دەم ئېلىشقا چىققان پېشقەدەم يولداشلارنى چوڭ ـ چوڭ مەسىلىلەر ئۈستىدە سىياسەت ـ تەدبىر بەلگىلەش ئۈچۈن مەسلىھەت بېرىشكە دائىم تەشكىللىشى لازىم.

## 2. ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي ئورگانلار ۋە رەھبىرىي كادىرلار دائىم ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئامما ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، پۇختا ھالدا ئەمەلىي ئىش قىلىپ، جان ـ دىلى بىلەن ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى لازىم.

7) ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي ئورگانلار ۋە رەھبىرىي كادىرلار ئاساسىي قاتلامغا يۈزلىنىش، ئاممىغا يۈزلىنىش ئۇقتىسىنەزەرىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، مەۋقەنى توغرا تۇتۇپ، جان ـ دىلى بىلەن ئاساسىي قاتلام ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى، جان ـ دىلى بىلەن ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى لازىم.

ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي ئورگانلار ھەر يىلى كادىرلارنى يېزىلارغا، چارۋىچىلىق رايونلىرىغا، زاۋۇت، كان ـ كارخانىلارغا، مەكتەپلەرگە، مەھەللىلەرگە، بولۇپمۇ چەت ـ يىراق، نامرات جايلارغا ۋە قىيىنچىلىقى زور، مەسىلىلەر كۆپ ئورۇنلارغا بېرىپ ئەھۋال ئىگىلەپ، پىكىرلەرگە قۇلاق سېلىپ، جاپالىق، ئىنچىكە خىزمەت ئىشلەپ، ئاساسىي قاتلامدىكى كادىرلار ۋە ئامما بىلەن بىرلىكتە ئەمەلىي قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىپ ھەل قىلىشقا تەشكىللىشى لازىم. ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ ئاساسىي قاتلامغا چۈشۈشىنىكى مۇھىم ۋەزىپىسى ـ پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىش، ۋەزىيەت تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش، ئاممىغا ئىدىيىۋى ـ سىياسىي خىزمەت ئىشلەش، چوڭقۇر ھالدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، ئىلغارلارنىڭ تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش، ئاساسىي قاتلامنىڭ ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بېرىش، ئاممىغا تايىنىپ ۋە ئاممىنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاپ، سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشنى مەركىزىي خىزمەتلەرنىڭ قانات يېيىشىغا تۈرتكە بولۇشتىن ئىبارەت.

ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي ئورگانلار ۋە رەھبىرىي كادىرلار ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرى ۋە ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى خىزمەتلەرنى دوكلات قىلغاندا ۋە يولىيورۇق سورىغاندا، ئۇلارنى قىزغىن كۈتۈۋېلىشى، ئىشلىرىنى ئاكتىپلىق بىلەن بىجىرىپ بېرىشى، ھەل قىلىشقا بولىدىغانلىرىنى ۋاقتىدا ھەل قىلىپ بېرىشى، ھەل قىلىشقا بولمايدىغانلىرىغا ۋاقتىدا جاۋاب بېرىشى، ئىشنى بەك ئارقىغا سۆرەپ سالماسلىقى كېرەك. بەزى ئورگانلار ۋە كادىرلاردا ساقلىنىۋاتقان ئىشىكتىن كىرىش تەس بولۇش، تەلەتى سەت بولۇش، ئىش بېجىرىش تەس بولۇشتەك يامان ئىستىلنى تۈگىتىش كېرەك.

8) ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورگانلار «ھۆججەت دېڭىزى، يىغىن قاينىمى»دىن قۇتۇلۇپ چىقىپ، باشلامچىلىق بىلەن ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈشى لازىم. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر ئىمكان قەدەر كۆپرەك ۋاقىت ئاجرىتىپ ئاساسىي قاتلامغا بېرىشى لازىم. ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىنىڭ ھەر يىلى ئاساسىي قاتلامغا چۈشىدىغان ۋاقتى ئىككى ئايدىن كەم بولماسلىقى، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ ۋە ئاپتونوم رايونلۇق نازارەتلەرنىڭ رەھبەرلىرىنىڭ ھەر يىلى ئاساسىي قاتلامغا چۈشىدىغان ۋاقتى ئۈچ ئايدىن كەم بولماسلىقى، ناھىيە (شەھەر) رەھبەرلىرىنىڭكى تۆت ئايدىن كەم بولماسلىقى لازىم. مۇشۇ ۋاقىت ئىچىدە نۇقتىدا تۇرۇپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، «قوچقاچ ئوپېراتسىيىسى» قىلىپ، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلىشى كېرەك. تىپىك تەجرىبىلەردىن ئومۇمىي قانۇنىيەت يەكۈنلەشكە ماھىر بولۇپ، شۇ قانۇنىيەت ئارقىلىق ئومۇمىي دائىرىدىكى

خىزمەتلەرنى يېتەكلەش ۋە ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. رەھبىرىي كادىرلار ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئەھۋالىنى رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ۋاقتىدا ئۇقتۇرۇپ تۇرۇشى لازىم.

9) ئاپتونوم رايوندىكى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئورگانلار ئۆزلىرىنىڭ خىزمەت ئالاھىدىلىكى ۋە ئەمەلىي ئېھتىياجىغا ئاساسەن، كادىرلارنى مۇددەت ۋە تۈركۈمگە بۆلۈپ، ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈشكە تەشكىللىشى كېرەك. كادىرلارنى ئاساسىي قاتلامغا چۈشۈرۈشتە كۆپ خىل شەكىل قوللىنىشقا بولىدۇ. رەھبىرىي كادىرلار ئاساسىي قاتلامغا چۈشۈپ نەق مەيداندا ئىش بېجىرىش، ئالاقىلىشىش ئۇقتىسى تۈزۈمى ئورنىتىش، پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا بۆلەكلەر بويىچە ھۆددىگە ئېلىش، كادىرلارنى ۋەزىپىگە ئېلىپ قويۇپ چېنىقتۇرۇش، خىزمەت ئۆمىكى — گۇرۇپپىسى ياكى مەخسۇس تېما بويىچە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىلىرىنى تەشكىللەش، مەركىزىي ۋەزىپىگە بىرلەشتۈرگەن ئاساستا، كادىرلارنى ئاساسىي قاتلامنىڭ خىزمەتلىرىگە ياردەملىشىشكە ئەۋەتىش قاتارلىقلار ئۈنۈملۈك ئىكەنلىكىنى ئەمەلىيەت ئىسپاتلىغان ياخشى شەكىل ۋە ئۇسۇللار، شۇڭا، ئۇنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش ۋە ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك.

10) كادىرلار ئاساسىي قاتلامغا چۈشكەندە ھەقىقىي تۈردە ئاممىا بىلەن ئىچقويۇن - تاشقويۇن بولۇشى، ئاممىنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولۇشى، ئىشچىلار، دېھقانلار، زىيالىيلار، ئوقۇغۇچىلار ۋە ھەر مىللەت، ھەر ساھە ئاممىسىنى دوست تۇتۇشى، ئۇلاردىن كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنىشى كېرەك. ئاساسىي قاتلامنىڭ ئەھۋالىنى ۋە ئاممىنىڭ پىكرىنى ئەينەن ئىنكاس قىلىپ، ئارتۇقچىلىقلارنىمۇ، يېتەرسىزلىكلەرنىمۇ مەلۇم قىلىشى، ساختىپەزلىك، مۇبالىغە قىلىش ئىللىتىنى تۈگىتىشى كېرەك. بىرەر ئىشقا يولۇققاندا، كۆپرەك شۇ جايدىكى كادىرلار ۋە ئاممىا بىلەن مەسلىھەت ئىش قىلىشى، كۆپرەك ئۇلارنىڭ پىكرىگە قۇلاق سېلىشى ۋە ھۆرمەت قىلىشى كېرەك. ئاساسىي قاتلامنىڭ خىزمىتىدىكى ۋە ئاممىنىڭ تۇرمۇشىدىكى قىيىنچىلىقلاردىن ھەل قىلغىلى بولىدىغانلىرىنى بەلگىلىمە بويىچە ئورۇنلۇق چارە - ئامالار بىلەن ياردەملىشىپ ھەل قىلىشى، دەرھال ھەل قىلىپ كەتكىلى بولمايدىغانلىرىدا، ئەھۋالنى ئەينەن چۈشەندۈرۈشى، قالايمىقان ۋەدە بەرمەسلىكى كېرەك.

كادىرلار ئاساسىي قاتلامغا چۈشكەندە پاك - دىيانەتلىك بولۇشى، تىرىشىپ ئىشلىشى، ئاممىنى كۆزلىشى كېرەك. ھەر قانداق ئادەمنىڭ سوۋغات قوبۇل قىلىشىغا، مەھسۇلاتلارنى سوراپ ئېلىشىغا يول قويۇلمايدۇ، ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار ئاساسىي قاتلامغا چۈشكەندە، تاماق، ياتاق ئۆلچىمى جەھەتتە ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىنى قاتتىق ئىجرا قىلىشى كېرەك. رەھبىرىي كادىرلار ئاساسىي قاتلامغا چۈشكەندە يېنىك ۋە چاققان ھالدا يولغا چىقىپ، ئاساسىي قاتلام ۋە ئاممىنىڭ سېلىقىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋەتمەسلىكى كېرەك. ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرى كادىرلارنىڭ تۆۋەنگە چۈشۈشىگە قويۇلغان تەلەپلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا پائال تۈردە ماسلىشىشى لازىم.

كادىرلارنى ئاساسىي قاتلامغا چۈشۈرۈش خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش كېرەك. ئاپتونوم رايون ۋە جايلار، تارماقلار كادىرلارنى ئاساسىي قاتلامغا چۈشۈرۈش ئەھۋالىنى دائىم ئىگىلەپ تۇرۇشى، بۇ خىزمەتنى قانات يايدۇرۇش جەھەتتىكى تەجرىبىلەرنى ۋاقتىدا يەكۈنلىشى، ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشى كېرەك. ئاساسىي قاتلامغا چۈشكەندە ئىپادىسى ياخشى بولغان، نەتىجىسى گەۋدىلىك بولغان كادىرلارنى تەقدىرلەش، ئىپادىسى ياخشى بولمىغان، خىزمەتكە زىيان يەتكۈزگەن ياكى ئاممىنىڭ كۈچلۈك نارازىلىقىنى قوزغىغان كادىرلارغا تەنقىد - تەربىيە بېرىش ياكى ئىنتىزام جازاسى بېرىش كېرەك. بۇنىڭدىن كېيىن كادىرلارنىڭ ئاساسىي قاتلامغا چۈشكەندىكى ئىپادىسىنى كادىرلارنى سىناپ تەكشۈرۈش ۋە ۋەزىپىگە تەيىنلەشتىكى بىر مۇھىم ئاساس قىلىش كېرەك.

## 3. پارتىيىنىڭ ئاممىا بىلەن ئالاقىلىشىش يوللىرىنى پائال تۈردە راۋانلاشتۇرۇش ۋە كېڭەيتىش، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇن - تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى يۈكسەلدۈرۈش كېرەك.

11) ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ئۆز ھەرىكىتىنى ئاساسىي قانۇن دائىرىسىدە

ئېلىپ بېرىشى، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ دۆلەتنىڭ يەرلىك ھاكىمىيەت ئورگىنىلىق ئورنىغا ھۆرمەت قىلىشى، خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ قانۇن بويىچە ئىز ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشىنى قوللىشى، ئۇلارنىڭ قانۇندا بەلگىلەنگەن فۇنكسىيىسىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى، خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى چىقارغان ئورلۇك قانۇن - بەلگىلىمە، قارار بەلگىلىمىلەرگە ھۆرمەت قىلىشى كېرەك. قانۇندا خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ قاراپ چىقىشى بەلگىلەنگەن ئىشلارنى قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنۇشتىن ئىلگىرى، شۇ دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋاقتىدا تەكشۈرۈپ تەستىقلىشى كېرەك.

ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى كومپارتىيە رەھبەرلىكىدىكى كۆپ پارتىيە ھەمكارلىقى تۈزۈمى ۋە سىياسىي مەسلىھەت تۈزۈمىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇشى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشى لازىم. سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى بۇ تۈپ تۈزۈمنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ مۇھىم تەشكىلىي شەكلى ۋە مۇھىم سورۇنى. شۇڭا ئۇنىڭ سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى جارى قىلدۇرۇش جەھەتتىكى رولىنى جارى قىلدۇرۇش لازىم. جايلارنىڭ چوڭ فاڭجېنلىرى، يەرلىكتە چېتىلىدىغان مۇھىم ئىشلار، سىياسەت، ئەمىر - پەرمانلارنى يولغا قويۇش، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ۋە كىشىلەر ئومۇميۈزلۈك كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسىنى سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ مۇزاكىرىسىگە قويۇش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ، سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشلىرىنىڭ خىزمىتىنى مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈپ، قەرەللىك ھالدا خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى پارتىيە گۇرۇپپىسى، سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلاپ تۇرۇشى، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋە سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ خىزمىتىدىكى چوڭ - چوڭ مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلىشى ۋە ھەل قىلىشى كېرەك.

12) ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرى خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ ۋە سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ئەزالىرىنىڭ كۆزدىن كەچۈرۈش، تەكشۈرۈش، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش خىزمەتلىرىگە تولۇق ھۆرمەت قىلىشى ۋە ئۇنى قوللىشى، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ ۋە سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ئەزالىرىنىڭ تەكلىپ، تەنقىد ۋە پىكىرلىرىگە ئەھمىيەت بېرىشى، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرى ۋە سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ئەزالىرىنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان مۇھىم تەكلىپ - لايىھىلىرىنى مەخسۇس مۇزاكىرە قىلىشى، خەلق ۋەكىللىرىنىڭ ۋە سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ئەزالىرىنىڭ پائالىيىتى ئوغرىسىدىكى ئەشۇنىقاتنى كۈچەيتىشى، ئۇلارنىڭ ئامما بىلەن كەڭ ئالاقىلىشىش جەھەتتىكى رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋە سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ئەزالىرىنىڭ پارتىيىلىك ۋەكىللىرى ۋە ئەزالىرى پارتىيىسىز ۋەكىللەر، ئەزالار ۋە ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى بىلەن زىچ ئالاقىلىشىپ، ئۇلارنىڭ پىكىر ۋە تەلەپلىرىنى دائىم ئىگىلەپ تۇرۇشى، ۋاقتىدا ئىنكاس قىلىشى كېرەك. ئاپتونوم رايونىمىزدا زور بىر تۈرلۈم پېشقەدەم يولداشلار بار، ئۇلار شىنجاڭدا ئۇزاق مۇددەت ئىشلىگەن، مول تەجرىبىلىرىگە، ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىلا بىلەن كەڭ ئالاقىگە ئىگە. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى، خەلق ھۆكۈمەتلىرى كۆپ خىل شەكىل قوللىنىپ، ئۇلارنىڭ پىكىرى ۋە تەكلىپلىرىنى ئاڭلاپ تۇرۇشى كېرەك.

دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار ۋە ھەر مىللەت - ھەر ساھەدىكى زاتلار بىلەن بولغان ئالاقىنى يېقىنلاشتۇرۇش كېرەك. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىدىكى ئاساسلىق رەھبىرىي يولداشلار دائىم دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلارنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرىنى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ۋە پارتىيىسىز - گۇرۇھسىز زاتلارنى تەكلىپ قىلىپ، دېموكراتىك ئاساستا كېڭىشىش يىغىنى، سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، ئۇلارنى چوڭ - چوڭ ۋەقەلەردىن خەۋەردار قىلىشى، ئۇلار بىلەن مۇھىم ئەھۋاللارنى ئالماشتۇرۇشى، يۇقىرى قاتلاملىق، كىچىك دائىرىلىك سىردىشىش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇپ، پىكىر ئالماشتۇرۇپ تۇرۇشى لازىم. ئوتتۇرىغا قويماقچى بولغان چوڭ - چوڭ سىياسەت، فاڭجېنلار ۋە كادىرلارنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا دائىر ئىشلار ئۈستىدە دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلارنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى، ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە پارتىيىسىز - گۇرۇھسىز زاتلار بىلەن مەسلىھەتلىشىشى، ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتىكى

پىكىرلىرىنى ۋە تەكلىپلىرىنى ئېلىشى كېرەك.

13) ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پارتىيىنىڭ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى، ئاياللار بىرلەشمىسى خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» نىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ۋە ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى ھەقىقىي كۈچەيتىشى، ئۇلارنىڭ ئۆز ئارتۇقچىلىقى ۋە ئۈستۈنلۈكىگە ئاساسەن، ئۆزىنىڭ نىزامنامىسى بويىچە مۇستەقىل — ئۆز - ئۆزىگە خوجا بولغان ھالدا خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇشنى قوللىشى، زورۇر خىزمەت ئورۇنلىرىنى ئورۇنتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى، ئاياللار بىرلەشمىسى پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇزاكىرىسىگە سۇنغان مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا مۇھاكىمە قىلىشى، ئۇلارنىڭ ئەھۋاللار توغرىسىدىكى ئىنكاسلىرىغا دائىم قۇلاق سېلىپ، ئۇلارنىڭ بەزى ئەمەلىي قىيىنچىلىقلىرىنى ۋە مەسىلىلىرىنى ھەقىقىي تۈردە ھەل قىلىپ بېرىشى كېرەك. ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى، ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ ئۇچۇر يوللىرىنى بەرپا قىلىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئۆز تەشكىلاتلىرى ئارقىلىق ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تەلىپى ۋە ساداسىنى ئۆگۈشلۈك ھالدا ئىنكاس قىلىشنى قوللىشى ۋە ئۇلارنىڭ شۇنداق قىلىشىغا ياردەم بېرىشى ھەمدە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ ئەستايىدىل جاۋاب بېرىشى، مۇۋاپىق ھەل قىلىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىشى، ئۇلارنىڭ ئاممىنىڭ قانۇنىي ھوقۇقىنى قوغداپ، ئامما ئۈچۈن پىلانلىق ھالدا ياخشى ئىش، ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىشىنى قوللاپ، ئۇلارنىڭ پارتىيىنىڭ ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى كۈچەيتىشتىكى كۆۋرۈكلۈك ۋە ۋاسىتىلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى لازىم.

14) ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئامما بىلەن ئالاقە باغلاشنىڭ بەزى ئۈنۈملۈك شەكىللىرىنى، مەسىلەن، رەھبىرىي كادىرلار ھال - ئەھۋال ئىگىلەپ كەلگەن ئاممىنى ئۆزئەت بىلەن كۈتۈۋېلىش، ئۈچۈر گېزىتى ۋە ژۇرناللىرىنى ۋاستە قىلىپ ئاممىنىڭ ساداسىنى ئىنكاس قىلىش، مەخسۇس ئالاقىلىشىش تېلېفونى ۋە مەخسۇس ئالاقىلىشىش پوچتىسى تەسىس قىلىش، شەھەر ئاھالىلىرىنى «پىكىر ئېلىش جەدۋىلى»نى تولدۇرۇشقا تەكلىپ قىلىش شەكىللىرىنى قوللىنىپ، رەھبىرىي كادىرلارنى ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ پىكىر ۋە تەكلىپلىرىنى بىۋاسىتە ئاڭلاش، مەسىلىلەرنى ئاساسىي قاتلامدا ھەل قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. بۇنىڭدىن كېيىن، يەنە ئەمەلىي ئېھتىياجنى چىقىش قىلىپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى بىلەن ئالاقە باغلايدىغان يېڭى يول، يېڭى شەكىللەرنى ئىمكان قەدەر كۆپ بەرپا قىلىپ ۋە ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ پىكىر، تەلەپ ۋە تەنقىدلىرىنى ئېغىزغا كەڭ، چوڭقۇر ۋە ۋاقتىدا ئاڭلاش لازىم.

15) ھەر مىللەت رەھبىرىي كادىرلىرى ئىشچىلار، دېھقانلار، زىيالىيلار ۋە باشقا ئامما ئارىسىدىكى ئەينەن ئەھۋالنى ئىنكاس قىلىشقا جۈرئەت قىلىدىغان بەزى كىشىلەرنى دوست تۇتۇشى لازىم. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرىدىكى رەھبىرىي كادىرلار دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار ۋە ھەر مىللەت، ھەر ساھەدىكى زاتلار بىلەن سىرداش دوست بولۇشى، چىن دوست بولۇشى، سىياسىي جەھەتتە، ئىدىيە جەھەتتە بىر - بىرىنى چۈشىنىشى، بىر - بىرىگە ياردەم بېرىشى كېرەك. رەھبىرىي كادىرلار ئۆز مىللىتى ئىچىدىكى خەلق ئاممىسى بىلەن قويۇق ئالاقە باغلاپ، ئۇلارنىڭ پىكىر ۋە تەلىپىنى ئىنكاس قىلىپلا قالماستىن، يەنە ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان ئالاقىسىنىمۇ كۈچەيتىشى، جان - دىلى بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى كېرەك. ھەر مىللەت كادىرلىرى بىر - بىرىنىڭ تىل - يېزىقىنى ئۆگىنىشى كېرەك. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ خەنزۇ تىلى ۋە خەنزۇ يېزىقىنى ئۆگىنىشى، خەنزۇ كادىرلارنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىلى ۋە يېزىقىنى ئۆگىنىشىنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىش ۋە ئۇلار ئارىسىدىكى شۇنداق قىلغانلارنى تەقدىرلەش، بۇ ئارقىلىق خىزمەتكە قولايلىق تۇغدۇرۇپ، مۇھەببەتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىش كېرەك.

## 4. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پاكلىق قۇرۇلۇشىنى قەتئىي بوشاشماي كۈچەيتىپ، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش روھىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇپ، پارتىيە ئىچىدە ساقلانغان پاسسىپلىق، چىرىكلىكنى تۈگىتىش كېرەك.

16) ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ «چىرىكلەشكەنلەرنى قەتئىي جازالاش، باشلامچىلىق بىلەن پاك - دىيانەتلىك بولۇش، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش توغرىسىدىكى ئون تۈرلۈك بەلگىلىمىسى» ۋە جايلار، تارماقلارنىڭ پاكلاشتۇرۇش توغرىسىدا چىقارغان بەلگىلىمىلىرىگە سېلىشتۇرۇپ تەكشۈرۈش كېرەك. ئۆزىنىڭكىنى ئۆزى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ھەر يىلى ئاز دېگەندە بىر قېتىم ئېلىپ بېرىش ھەمدە ئۇنى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىنىڭ بىر مەزمۇنى قىلىش كېرەك. يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى تۆۋەن دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ ئۆزىنىڭكىنى ئۆزى تەكشۈرۈش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تۇرۇشى كېرەك، تەكشۈرۈشتىن كېيىن، ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار ئومۇمەن پاكلىق قۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە ئىش قىلغانلىرىدا قەتئىي چىڭ تۇرۇشى، بەلگىلىمە بويىچە ئىش قىلمىغانلىرىدا مۇددەت بەلگىلەپ شۇ بويىچە ئىش قىلىشى كېرەك. يەنە خىلاپلىق قىلغانلارنى ئېنىقلىتىپ بىر تەرەپ قىلىش كېرەك.

17) ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئورگانلىرى، رېۋىزىيە تارماقلىرىنىڭ پارتىيىلىك كادىرلارنىڭ ۋە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش، قانۇنغا بويسۇنۇش ئەھۋالىنى دائىم تەكشۈرۈپ تۇرۇشىنى قوللىشى كېرەك. بۇ يىل ۋە كېلەر يىلى پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگىنىدىكى پارتىيىلىك كادىرلارنىڭ ئۆلچەمدىن، كۆلەمدىن ئاشۇرۇپ ئۆينى كۆپ ئىگىلىۋېلىش ۋە قانۇن - ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىپ شەخسىي ئۆي سېلىش مەسىلىسىنى ئۆقتىلىق ھالدا تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، قاقتى - سوقتى قىلىش، پارا ئېلىش، پارا قوبۇل قىلىش، خىيانەتچىلىك قىلىش، ئوغرىلىق قىلىش، ئومۇمنىڭ پۇلى ۋە مال - مۈلكىنى يەڭ ئىچىدە بۆلۈشۈۋېلىش مەسىلىلىرىنى دائىم تەكشۈرۈپ، قاتتىق بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. دېلو بېجىرگۈچىلەرنىڭ قانۇن ۋە ئىنتىزام بويىچە ئىش قىلىشىنى قوغداش، دېلو بېجىرگۈچىلەرنى باھانە تېپىپ قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغان ۋە ئۇلارغا زەربە بەرگەنلەرنى كەسكىن بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. ئىنتىزام تەكشۈرۈش خىزمىتى، رېۋىزىيە خىزمىتى، جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتى، سوت خىزمىتى، تەپتىش خىزمىتى ۋە ئەدلىيە قاتارلىق خىزمەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان بارلىق كومپارتىيە ئەزالىرى ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، قانۇن - ئىنتىزامنى ئادىل ئىجرا قىلىشى، يۈز - خاتىرە قىلىپ قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلارنى قاتتىق بىر تەرەپ قىلىشى كېرەك.

18) چوڭ دېلو ۋە مۇھىم دېلولارنى داۋاملىق چىڭ تۇتۇپ تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ئەھۋال مۇرەككەپ بولغان، تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشتا قىيىنچىلىق كۆپ بولغان بەزى مۇرەككەپ دېلولارنى، كادىرلارنى باشقۇرۇش ھوقۇق دائىرىسى بويىچە رەھبەرلەر ئىش تەقسىم قىلىۋېلىپ، دېلولارنى ھۆددىگە ئېلىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، مۇددەت بەلگىلەپ ئاياغلاشتۇرۇش كېرەك. ھەر قانداق ئادەمنىڭ ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش خىزمىتىگە كاشىلا سېلىشىغا يول قويۇلمايدۇ، ئامما نىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولغان تىپىك دېلولارنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىش نەتىجىسى ئېلان قىلىنىشى كېرەك.

19) ساھەلەرنىڭ پاكلىق قۇرۇلۇشىنى ۋە كەسىپ ئەخلاقى تەربىيىسىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىش كېرەك. ھازىر بار پاكلىق قۇرۇلۇشىغا ئائىت تۈزۈملەرنى قاتتىق تۇتۇپ ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش ھەمدە ئەمەلىيەت داۋامىدا ئۇلارنىڭ ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئۆتكەن يىلى ئىشچى قوبۇل

قىلىش، كادىر قوبۇل قىلىش، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ۋە بىزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى بىلەن تەمىنلەش جەھەتتىكى پاكلىق تۈزۈمى قۇرۇلۇشىنى ئۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىنىڭ تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش كېرەك. بۇ يىل ۋە كېلەر يىلى ئىقتىسادىي خىزمەتلەرنى باشقۇرۇش تارماقلىرى، نازارەت قىلىش تارماقلىرى، جامائەت ئىشلىرى تارماقلىرى ۋە سىياسىي - قانۇن تارماقلىرىدا بۇ سىناق مۇددەتكە ۋە تۈركۈمگە بۆلۈپ ئېلىپ بېرىلىدۇ. كېلەر يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، مۇشۇ تارماقلار ئاممىنىڭ مەنپەئىتى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولغان مەسىلىلەر ئۈستىدە «ئىككىنى ئاشكارىلاش، بىرنى نازارەت قىلىش» تۈزۈمىنى ۋە ئىچكى قىسىمدا چەكلەش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەر قايسى ساھەلەردە ساقلىنىۋاتقان قالايمىقان ھەق ئېلىش، قالايمىقان سېلىق سېلىش ۋە قالايمىقان جەرىمانە قويۇش قاتارلىق گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل ھەل قىلىپ، ساھە ناتوغرا ئىستىلىنى قەتئىي تۈگىتىش كېرەك. قەتئىي بوشاشماي كەسىپ ئەخلاقىي تەربىيىسى ئېلىپ بېرىپ، ئىپلارنى تۇرغۇزۇپ، ئىلغارلارنى تەقدىرلەش كېرەك.

20) پارتىيە ئىنتىزامىنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، سىياسىي جەھەتتە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كېرەك. تۆت ئاساسىي پرىنسىپقا خىلاپلىق قىلغان، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش بىلەن شۇغۇللانغان، ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە بۇزغۇنچىلىق قىلغان، مىللىي بۆلگۈنچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان، ئۆز بېقىنلىرىنى ئىشقا قويغان، غوجىمەك بولۇۋالغان، كىچىك گۇرۇھ ئۇيۇشتۇرغان، قىل دېگەننى قىلماي، قىلما دېگەننى قىلغان، كۆرۈنۈشتە ئەمەل قىلغان بولۇپ، ئاستىرتتىن خىلاپلىق قىلغان ۋە ئۆز سەنىمگە دەسسىگەنلەرنى كەسكىن بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. كادىرلارنى ئۆستۈرۈش ۋە ئىشقا قويۇشتا، چوقۇم «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كادىرلارنى قاتتىق ھالدا پارتىيىنىڭ پرىنسىپى بويىچە تاللاپ ئۆستۈرۈش ۋە ۋەزىپىگە قويۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» نىڭ روھى بويىچە ئىش قىلىش، پارتىيىنىڭ ھەم ئەخلاقلىق، ھەم قابىلىيەتلىك بولۇش، ياخشىلارنىلا ئىشقا قويۇشتەك كادىرلار سىياسىتىنى قاتتىق ئىجرا قىلىش، كادىرلارنى ئۆستۈرۈش ۋە ئىشقا قويۇشقا دائىر مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەردىكى تەرتىپ بويىچە ئىش قىلىش كېرەك، تەرتىپتىن سىرت ۋاقىتلىق تەكلىپ بېرىشكە بولمايدۇ، بىرلا ئادەمنىڭ دېگىنى بويىچە قىلىشقا تېخىمۇ بولمايدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى تەشكىلات بۆلۈمى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، رەھبىرىي كادىرلارنى ئالماشتۇرۇش تۈزۈمى ۋە ئۆزىنى چەتكە ئېلىش تۈزۈمى توغرىسىدا ئىمكان قەدەر تېز كونكرېت پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى كېرەك.

21) پاكلىق قۇرۇلۇشى جەھەتتە، ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي ئورگانلار ۋە رەھبىرىي كادىرلار ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇشى، باشلامچىلىق بىلەن ئۈلگە كۆرسىتىشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىك بەنزىلىرى تەۋەلىك مۇناسىۋىتى بويىچە بىرى بىرىنى يېتەكلىشى، بىرى بىرىنى ئۇتتۇشى، قاتلاممۇ قاتلام مەسئۇل بولۇشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى ئۆزىگە قاراشلىق ئورۇنلار ۋە تارماقلارنىڭ پاكلىق قۇرۇلۇشىدا مۇھىم مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان، ئۇلار ئۆزى پاك بولۇپ قالماستىن، بەلكى چىرىكلىككە قارشى قەتئىي كۆرەش قىلىشى كېرەك. پارتىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتلىرى ۋە ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرىنىڭ تەشكىلات بۆلۈملىرى دۆلەتنىڭ يەرلىك ھەر دەرىجىلىك رېۋىزىيە تارماقلىرى بىلەن بىرلىكتە ھەيدەكچىلىك قىلىش ۋە تەكشۈرۈشكە كونكرېت مەسئۇل بولۇشى كېرەك.

## 5. تۈرلۈك نازارەت قىلىش تۈزۈملىرىنى تۇرغۇزۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، رەھبىرىي ئورگانلار ۋە رەھبىرىي كادىرلارغا بولغان نازارەتنى كۈچەيتىش كېرەك.

22) ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە پارتىيىنىڭ رەھبىرىي كادىرلىرى نازارەتنى قوبۇل قىلىش ئېڭىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشى، ئۆزىنى ئاڭلىق ھالدا پارتىيە ۋە خەلقنىڭ نازارىتى ئاستىغا قويۇشى

كېرەك.

ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، قانۇنغا رىئايە قىلىش، ئىنتىزامغا بويسۇنۇش، ئاممىا بىلەن ئالاقە باغلاش قاتارلىق جەھەتلەردە پارتىيە ئەزالىرى ۋە پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلارغا بولغان نازارەتنى كۈچەيتىشى كېرەك. ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ھەر دەرىجىلىك پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلار ئاددىي پارتىيە ئەزاسىلىق سالاھىيىتى بىلەن، ئۆزى تۇرۇشلۇق پارتىيە ياچېيكىسى ۋە پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ تەشكىلىي تۇرمۇشىغا قاتنىشىشى، تەنقىد ۋە ئۆز - ئۆزىنى تەنقىدنى ئەستايىدىل قانات يايدۇرۇشى، پارتىيە تەشكىلاتى ۋە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ نازارىتىنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىشى كېرەك. رەھبەرلىك بەنزىلىرى بەلگىلىمە بويىچە دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنلىرىنى ئېچىشى، يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى بۇ يىغىنلارغا ئادەم ئەۋەتىپ قاتناشتۇرۇشى كېرەك.

23) كادىرلارنى دېموكراتىك ئاساستا باھالاش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. ھەر يىلى يىل ئاخىرىدىكى خۇلاسە چىقىرىش خىزمىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبىرىي كادىرلارنى دېموكراتىك ئاساستا باھالاپ چىقىش كېرەك. دېموكراتىك ئاساستا باھالاش بىلەن كادىرلارنى سىناپ تەكشۈرۈشنى بىرلەشتۈرۈش، باھالاش نەتىجىسىنى كادىرلارنى تەكشۈرۈش، ئۆستۈرۈش، ۋەزىپىگە تەيىنلەشنىڭ مۇھىم ئاساسى قىلىش لازىم.

24) ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى قانۇن بويىچە خىزمەت نازارىتى ۋە قانۇن نازارىتىنى كۈچەيتىشى لازىم. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ خىزمەتلەرگە نازارەت قىلىشنى كۈچەيتىشنى قوللىشى لازىم. دۆلەتنىڭ نازارەت قانۇنى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئۇنى يولغا قويۇشنىڭ تەپسىلىي پرىنسىپىنى ۋاقتىدا ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مەمۇرىي نازارەتكە دائىر قانۇن - نىزاملارنى يولغا قويۇش تەپسىلىي پرىنسىپىنى ۋاقتىدا تۈزۈپ چىقىشى؛ پارتىيىنىڭ نازارەت نىزامى چۈشكەندىن كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى پارتىيە ئىچىدە نازارەت قىلىش نىزامىنى يولغا قويۇش تەپسىلىي پرىنسىپىنى ۋاقتىدا تۈزۈپ چىقىپ، مەركەز ۋە دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك نازارەت قانۇنى ۋە نىزاملىرىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزدا ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

25) خەلق ئاممىسىنىڭ نازارەت قىلىش رولىنى تولۇق ھۆرمەت قىلىش ۋە ئۇنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش لازىم. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ھال - ئەھۋال ئېيتىپ كەلگەن، خەت - چەك ئەۋەتكەن ئاممىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىشى، ئاممىا ھال - ئەھۋال ئېيتىپ كېلىپ، خەت - چەك ئەۋەتىپ ئىنكاس قىلغان مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىشى كېرەك. بەزى چوڭ مەسىلىلەر ياكى كونا چىگىش مەسىلىلەرنى رەھبىرىي كادىرلار ئۆزى بىۋاسىتە سۈرۈشتۈرۈپ كەسكىن بىر تەرەپ قىلىش لازىم. پاش قىلىش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئاممىا پاش قىلغان رەھبىرىي ئورگانلارغا ۋە رەھبىرىي كادىرلارغا چېتىشلىق بولغان پاك بولماسلىق، قانۇن - ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش مەسىلىلىرىنى يۇقىرى دەرىجىلىك ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلار ئەستايىدىل مەسئۇل بولۇپ تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشى لازىم.

26) دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار، پارتىيىسىز - گۇرۇھسىز زاتلار، مىللىي يۇقىرى قاتلام زاتلار ۋە تەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى ھەر خىل شەكىللەر ئارقىلىق پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەتلىرىگە پىكىر، تەنقىد ۋە تەكلىپ بېرىشكە ئىلھاملاندۇرۇش ۋە مەدەت بېرىش، دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلارنىڭ، پارتىيىسىز - گۇرۇھسىز زاتلارنىڭ دۆلەت ئىشلىرى ۋە ئىجتىمائىي ئىشلاردىكى دېموكراتىك ئاساستا نازارەت قىلىش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش لازىم.

27) ئىجابىي تەشۋىقاتنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇش شەرتى ئاستىدا، ئاخباراتنىڭ ۋە جامائەت پىكرىنىڭ نازارەت قىلىش رولىنى جارى قىلدۇرۇش لازىم. ئاخبارات ئورۇنلىرى ۋە ئاخبارات خىزمەتچىلىرى ئىجابىي تەشۋىقاتنى ئاساس قىلىش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، سوتسىيالىزم ئىشلىرى ئالدىدا مەسئۇل بولۇش، خەلق ئالدىدا مەسئۇل بولۇش، جەمئىيەتنىڭ تىنچ - ئىتتىپاق بولۇشىغا مەسئۇل بولۇش روھى بويىچە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەر قايسى سەپلەردىكى ئۇتۇقلارنى قىزغىن تەشۋىق قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ پىكىر - تەلەپلىرىنى توغرا ئەكس ئەتتۇرۇپ، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىگە خىلاپلىق قىلىش، ئاممىنىڭ مەنپەئىتىگە ئېغىر ھالدا دەخلى - تەرۇز يەتكۈزۈش ئەھۋاللىرىنى مۇۋاپىق پاش قىلىپ ۋە تەنقىد قىلىپ ھەمدە ئۇنىڭ ھەل قىلىنىش ۋە بىر تەرەپ قىلىنىش نەتىجىسىنى ۋاقتىدا خەۋەر قىلىپ، ئاممىنىڭ ئىشەنچىسىنى كۈچەيتىش لازىم. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى جامائەت پىكرى ئورۇنلىرىنىڭ ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئەستايىدىل ئادا قىلىپ، جامائەت پىكرى ئارقىلىق نازارەت قىلىش رولىنى جارى قىلدۇرۇشنى قارشى ئېلىشى ۋە قوللىشى لازىم.

## 6. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ئامما بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، ئاممىغا تايىنىپ، ئاممىغا تەشۋىق قىلىپ، ئاممىنى تەشكىللەپ، جەڭگىۋار قورغانلىق ۋە ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش لازىم.

28) ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بارلىق ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى پارتىيە نىزامنامىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە پارتىيە ئەزالىرىغا ئامما بىلەن ئالاقە باغلاش، ئاممىغا تەشۋىق قىلىش، ئاممىنى تەشكىللەش توغرىسىدا تەربىيە بېرىش مەسئۇلىيىتىنى ھەققىي تۈردە ئۈستىگە ئېلىشى، ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتىپ، پارتىيىنىڭ تەشەببۇسلىرىنى پائال تەشۋىق قىلىپ، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە يېتەكلەپ، سوتسىيالىزم يۈنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ئۆز - ئۆزىنىڭ تۇرلۇك ۋەزىپىلىرىنى ئورۇندىشى لازىم. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش ۋەزىپىسىنى ئاساسىي قاتلاملارغىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈشى لازىم. ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار ۋە ئاممىغا تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇش، تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشكە قارشى تۇرۇش توغرىسىدا قەتئىي بوشاشماي تەربىيە ئېلىپ بېرىشى؛ ماركسىزملىق مىللەت قارىشى ۋە پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ بېرىشى؛ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ بېرىشى؛ يەنە قەتئىي بوشاشماستىن پارتىيە ئەزالىرىغا پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى، ئاساسىي نەزەرىيىسى، پارتىيىگە دائىر ئاساسىي بىلىملەر ۋە ئاتېئىزم توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ بېرىشى لازىم. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە كومپارتىيە ئەزالىرى ئىچكى - تاشقى مىللىي بۆلگۈنچىلىككە بايرىقى روشەن ھالدا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغدىشى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدىشى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلغان، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلايدىغان، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان سۆز - ھەرىكەتلەرگە قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىشى لازىم. پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ دىنىي سىياسىتىنى، بەلگىلىمىلىرىنى توغرا ئىجرا قىلىپ، دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش لازىم. كومپارتىيە ئەزالىرى ئاتېئىزمچىلاردۇر. باشلامچىلىق بىلەن مەدەنىيەتلىك بولۇشى، يەنىگە ئەھمىيەت بېرىشى، ناچار ئۆرپ - ئادەتلەرنى ئۆزگەرتىشى، دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىقى، دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتناشماسلىقى لازىم. دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ھەمدە دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتناشقان، قايتا - قايتا تەربىيە بەرسىمۇ ئۆزگەرمىگەن پارتىيە

ئەزالىرىنى نەسھەت بىلەن پارتىيىدىن چىكىندۈرۈش لازىم. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى جەڭگىۋار قورغانلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى، كەڭ كومپارتىيە ئەزالىرى ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشى، «قارار» دىكى ئامما بىلەن ئالاقە باغلاش، ئاممىغا تەشۋىق قىلىش، ئاممىنى تەشكىللەش توغرىسىدىكى تۈرلۈك تەلەپلەرنى ئىشقا ئاشۇرۇشى لازىم.

29) ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزىلىرىدىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇشتىكى كۈچلۈك رەھبەرلىك يادروسى ۋە جەڭگىۋار قورغان قىلىپ قۇرۇپ چىقىش لازىم. مەسئۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگىچە ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىدە داۋاملىق چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەت سىستېمىسىنى راۋاجلاندۇرۇش، كوللېكتىپ ئىگىلىكنى ئۈزلۈكسىز زورايتىش، ھەر مىللەت دېھقان، چارۋىچىلىرىنى ھالال ئەمگەكى بىلەن بېيىش، ئورتاق بېيىشقا يېتەكلەپ، جەلپ قىلىش كۈچى ۋە ئۇيۇشتۇرۇش كۈچىنى ئاشۇرۇش لازىم. پارتىيە ئەزالىرى، ئىنتىپاق ئەزالىرى تايانچ قىلىنغان سىياسىي خىزمەت قوشۇنىنى تەشكىللەپ، يېزىلاردىكى ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىش لازىم. تۈرلۈك يوللار بىلەن يېزىلاردىكى ئىدىيە - مەدەنىيەت سورۇنلىرى قۇرۇلۇشى ۋە مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، رادىئو، تېلېۋىزىيە، گېزىت - ژۇرنال قاتارلىق ئۇچۇر يەتكۈزۈش يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇپ، ھەممە كەنتتە قىرائەتخانا، كۆڭۈل ئېچىش ئۆيلىرى، تېلېۋىزور كۆرۈش ئۆيلىرى بولۇشىنى، ھەممە ئائىلىدە رادىئو كارنىيى بولۇشىنى تەدرىجىي يوسۇندا ئىشقا ئاشۇرۇش، ساغلام، مەدەنىيەتلىك بولغان تۈرلۈك ئاممىۋى مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى پائال تۈردە قانات يايدۇرۇپ، يېزىلاردىكى ئىدىيە - مەدەنىيەت بازىسىنى سوتسىيالىزم ئىدىيىسى ئارقىلىق ئىگىلەش كېرەك.

ئورگانلاردىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرى پارتىيە ئەزالىرىغا خەلق بەرگەن ھوقۇقنى توغرا يۈرگۈزۈش توغرىسىدا تەربىيە بېرىش لازىم. پارتىيە ئەزالىرىنىڭ پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئىجرا قىلىش، قانۇن - ئىنتىزامغا بويسۇنۇش، ئامما بىلەن ئالاقە باغلاش، پاك - دىيانەتلىك بولۇش ئەھۋالىنى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئىدىيە، ئىستىل، ئەخلاق-پەزىلەت قاتارلىق جەھەتتىكى ئەھۋالىنى نازارەت قىلىپ، مەمۇرىي رەھبەرلەرگە ھەمكارلىشىپ خىزمەتلەرنى ياخشىلىشى، خىزمەت ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشى، بيۇروكراتلىقنى تۈگىتىشى لازىم. كارخانىلاردىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرى جان - دىلى بىلەن ئىشچىلار سىنىپىغا تايىنىش فاڭجېنىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ خوجايىنلىق ئورنىغا ھۆرمەت قىلىشى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ دېموكراتىيە ھوقۇقىنى قوغداش، ئىشچى - خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيىنىڭ ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشىگە مەدەت بېرىشى لازىم. ئىشچى - خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيىنىڭ كارخانىنىڭ تەدبىر كۆرۈش، باشقۇرۇش ئىشىغا قاتنىشىش ۋە كادىرلارنى نازارەت قىلىش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئەقلىغە مۇۋاپىق تەكلىپلىرىنى قوللاپ ۋە ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلىپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ۋە مۇۋاپىق تەقسىمات جەريانىدىكى رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى لازىم.

مەكتەپلەردىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرى كەڭ ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە تايىنىپ ۋە ئۇلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، پارتىيىنىڭ مائارىپ فاڭجېنىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، ئوقۇتۇش بىلەن ئادەم تەربىيىلەشنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئەخلاق تەربىيىسىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزامچان يېڭى بىر ئەۋلاد كىشىلەرنى تىرىشىپ تەربىيىلەپ چىقىشى لازىم. ئالىي مەكتەپلەر پارتىيىنىڭ ئىدىيە قۇرۇلۇشى ۋە تەشكىلىي قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، پارتىيە كومىتېتى رەھبەرلىكىدە مەكتەپ مۇدىرى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇشى كېرەك. ئوتتۇرا تېخنىكوم، كەسپىي تېخنىكا مەكتەپلىرى، ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەرمۇ مۇشۇ بويىچە ئىشلىشى لازىم. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بارلىق مەكتەپلەرنى پارتىيە رەھبەرلىكىدە ۋە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرىدىغان، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە،

«تىنچ ئۆزگىرىشكە قارشى تۇرىدىغان، ماركسىزمنى تەشۋىق قىلىدىغان سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىدىغان مۇستەھكەم بازىغا ئايلاندۇرۇشى لازىم.

30) ئاپتونوم رايون بويىچە ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە پارتىيە ئەزالىرى ئارىسىدا «ئىلغار پارتىيە ياچېيكىسى بەرپا قىلىش، مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى بولۇش» پائالىيىتىنى ۋە پارتىيە ئەزالىرى ئامما بىلەن ئالاقە باغلاش، پارتىيە ئەزالىرى مەسئۇلىيەت رايونى بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى كەڭ چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش ھەمدە «قارار» دىكى ئامما بىلەن ئالاقە باغلاش، ئاممىغا تەشۋىق قىلىش، ئاممىنى تەشكىللەش توغرىسىدىكى تەلەپلەرنى «ئىلغار پارتىيە ياچېيكىسى بەرپا قىلىش، مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى بولۇش» شەرتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىش لازىم. جايلاردىكى ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ ئامما بىلەن ئالاقە باغلاش جەھەتتىكى ياخشى تەجربە ۋە ئۇسۇللىرىنى يەكۈنلەش ۋە كېڭەيتىش ھەمدە ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم.

31) ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى ئوبدان تەرتىپكە سېلىش لازىم. ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ تارماقلىرىدىكى پارتگۇرۇپپىلىرى (پارتىيە كومىتېتلىرى) دائىم ئاساسىي قاتلامنىڭ ئىدىيە، سىياسىي ۋەزىيىتىنى تەھلىل قىلىپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىشى ۋە كۆڭۈل بۆلۈشى، بارلىق يېزىسىدا ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭ يۈز بەرگەنلىكىدەك ساۋاقنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزىگە تەۋە ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ ئەھۋالىنى بىر قېتىم ئومۇميۈزلۈك ھالدا ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ، ئەھۋالنى ئېنىق ئىگىلەش ئاساسىدا، ئىلمىي تەھلىل يۈرگۈزۈپ، ئوخشاش بولمىغان تىپنى پەرقلەندۈرۈپ، مەخسۇس كۈچ ئۇيۇشتۇرۇپ، مۇددەتكە، تۈركۈمگە بۆلۈپ تەرتىپكە سېلىپ چىقىشى لازىم، بولۇپمۇ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى چوقۇم ئادەم تاللاش يولىنى كەڭ ئېچىپ، يېزىلىق پارتىيە كومىتېتى شۇجىسى بىلەن كەنت ياچېيكا شۇجىسىنى ئوبدان سەپلەپ، رەھبەرلىك بەنزىسى قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئېلىپ بېرىشى لازىم، ئىككى - ئۈچ يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يېزا، كەنت ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى تەرتىپكە سېلىپ، ئوبدان قۇرۇپ چىقىشنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىمىزنى ۋە ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتىمىزنى ھەقىقىي تۈردە ماركسىزمچىلارنىڭ قولىغا ئۆتكۈزۈپ، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىمىزنى ھەقىقىي تۈردە ئابرويلۇق، جەڭگىۋارلىقى ئىگە رەھبەرلىك يادروسى قىلىپ قۇرۇپ چىقىشىمىز لازىم.

## 7. ئاپتونوم رايون بويىچە پارتىيە ئىچىدە ماركسىزملىق ئاممۋى نۇقتىئىنەزەر ۋە پارتىيىنىڭ ئاممىۋى لۇشيەنى ھەققىدە ئومۇميۈزلۈك قايتا تەربىيە ئېلىپ بېرىش كېرەك.

32) نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى بىر مەزگىل ۋاقىتنى مەركەزلەشتۈرۈپ، كەڭ پارتىيە ئەزالىرىنى «قارار»نى ئەستايىدىل ئۆزلەشتۈرۈش روھى بىلەن ئۆگىنىشكە تەشكىللەپ، پارتىيە ئەزالىرى، بولۇپمۇ پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ يېقىنقى تارىخىي مەزگىلدە ماركسىزملىق ئاممۋى نۇقتىئىنەزەرنى يېگىباشتىن ئۆگىنىپ، ئاممىۋى لۇشيەندە چىڭ تۇرۇش، پارتىيىنىڭ ئەسلى ئەنئەنىسى ۋە سىياسىي ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرۇش، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى بىلەن زىچ ئالاقە باغلاپ تۇرۇشنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىغا بولغان تونۇشىنى ئۆستۈرۈش، قايتا تەربىيە ئېلىش ئاڭلىقلىقىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

33) ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ماركسىزملىق ئاممۋى نۇقتىئىنەزەر ۋە پارتىيىنىڭ ئاممىۋى لۇشيەنى توغرىسىدىكى قايتا تەربىيىنى تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇش ۋە مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش تەربىيىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، پارتىيە ئەزالىرىنى تەربىيىلەش، كادىر تەربىيىلەش ۋە نەزەرىيە ئۆگىنىش پىلانىغا كىرگۈزۈشى كېرەك. ئاپتونوم

رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە مەكتەپلىرى، كادىرلار مەكتەپلىرى بۇ تەربىيىنى مۇھىم دەرسلىك قىلىپ ئوقۇتۇش پىلانىغا كىرگۈزۈشى كېرەك.

34) ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئۆگىنىشىنى ئۆقتىلىق ھالدا ئوبدان تەشكىللەش ھەمدە ئۆلكە (مىنىستىرلىك) دەرىجىلىك ۋەزىپىدىكى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئۆگىنىش تۈزۈمى ۋە ناھىيە، يېزا دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنى تەربىيىلەش تۈزۈمىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. تەشۋىقات تارماقلىرى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ماركسىزملىق ئاممۇۋى ئۆقتىشىنەزەر ۋە پارتىيىنىڭ ئاممۇۋى لۇشىيەن ھەققىدىكى تەربىيىگە بولغان كونكرېت رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ئوخشاش بولمىغان قاتلام بويىچە ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇشى كېرەك. بۇ تەربىيىگە بولغان تەكشۈرۈش، ھەيدەكچىلىكنى كۈچەيتىپ، بەلگىلەنگەن تۈزۈم، مەزمۇن ۋە تەلەپلەر بويىچە قاتتىق تەكشۈرۈپ سىناش كېرەك. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ئۆقتىلىق ھالدا ۋىلايەت، ئىدارە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىرلارغا بولغان قايتا تەربىيىنى ئۈستىدۇ؛ ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ھەر قايسى تارماقلىرىدىكى پارتىيە گۇرۇپپىلىرى (پارتىيە كومىتېتلىرى) ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىك كادىرلارغا بولغان قايتا تەربىيىنى ئوبدان ئۈتۈشقا مەسئۇل بولىدۇ ھەمدە ئادەتتىكى پارتىيىلىك كادىرلارغا بولغان قايتا تەربىيىنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇشى لازىم.

35) نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈش ئۆگىنىش ئىستىلىدا چىڭ تۇرۇش كېرەك. ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبىرىي كادىرلار ئۆز ئىدىيىسى ۋە خىزمىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، قاراتمىلىقى بولغان ھالدا ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىگە ئائىت مەزمۇنلارنى ۋە دېڭ شياۋپىڭ قاتارلىق يولداشلارنىڭ ئالاقىدار ئەسەرلىرىنى تاللاپ ئۆگىنىپ، پارتىيە نىزامنامىسىنى ۋە مەركىزىي كومىتېتنىڭ «پارتىيىنىڭ ئىچكى سىياسىي تۇرمۇشىغا ئائىت مىزان» قاتارلىق ھۆججەتلىرىنى ئۆگىنىپ، ئۆگىنىش بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈپ، پارتىيىۋىلىك جەھەتتىكى چېنىقىشنى كۈچەيتىپ، دۇنيا قارىشىنى ئۆزگەرتىشى لازىم.

36) ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كومپارتىيە ئەزالىرى، بولۇپمۇ پارتىيىلىك كادىرلار لىي فىڭ، جاۋ يۈلۇ، جاڭ زىشالاردىن، ۋەتەن بىرلىكىنى قوغدىغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتكەن ئىلغار، نەمۇنىچىلاردىن باشلامچىلىق بىلەن ئۆگىنىپ، ھەممىلا جايدا مۇشۇ قەھرىمان، نەمۇنىچىلارنى ئۈلگە قىلىپ، ئۆز ۋەزىپىسىنى تولۇق ئادا قىلىپ، ئۆز خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەپ، ھەممىدە ئاممىنى ئويلاپ، ھەر مىللەت خەلقىغە ياخشى ئىش، ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىپ، خەلقنىڭ چاكىرى بولۇش كېرەك.

37) تېلېۋىزور، رادىئو، گېزىت - ژۇرناللاردا ھەر مىللەت ئىشچىلىرى، دېھقانلىرى، زىيالىيلىرى، خەلق قوراللىق ساقچى قىسىملىرىنىڭ كوماندىر - جەڭچىلىرى، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنىدىكى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ ئىجادىي ئەمگىكى، ئىلغار ئىدىيىسى ۋە نەمۇنىلىك ئىش ئىزلىرىنى كۆپرەك ئەكس ئەتتۈرۈش كېرەك. رەھبىرىي يولداشلارنىڭ ئادەتتىكى پائالىيەتلىرىنى ۋە ئادەتتىكى خىزمەت يىغىنلىرىنى ئاشكارا خەۋەر قىلماسلىق كېرەك. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمى مەركەزنىڭ «ئاممىنى كۆپرەك تەشۋىق قىلىش كېرەك» دېگەن يوليورۇقىنى ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ كونكرېت بەلگىلىمىلىرىنى تۈزۈپ چىقىماقچى.

## 8. مەركىزىي كومىتېتنىڭ «قارار»نى ئىستىل تۈزىتىش روھى بىلەن ئۆگىنىپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتنىڭ «قارار»نى ئىزچىللاشتۇرۇش «پىكرى»نى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىش كېرەك.

38) جايلار، تارماقلار «قارار»نى ئىزچىللاشتۇرۇشتا ئىشنى ئۆز ئورنىدىن، ئۆزىدىن باشلاپ، ئىستىل تۈزىتىش روھى بويىچە ماددىمۇ ماددا سېلىشتۇرۇپ تەكشۈرۈپ، تەنقىد ۋە ئۆز - ئۆزىنى تەنقىدنى ئەستايىدىل قانات يايدۇرۇپ، ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، ئارتۇقچىلىقلارنى جارى قىلدۇرۇپ،

يېتەرسىزلىكنى تۈگىتىشى كېرەك.

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ئىشنى ئەمەلىي ئىش قىلىشتىن باشلاپ تۇتۇپ، كۆچىنىڭ بارىچە ئامما ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىشنى «قارار»نى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ بوسۇغىسى ئېغىزى قىلىشى لازىم. ئامما ئومۇمىيۈزلۈك كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلىلەرنى چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ئۇنىڭدىن ھەل قىلىش ئىمكانىيىتى بارلىرىنى تەدبىر قوللىنىپ، تىرىشىپ ئەستايىدىل ھەل قىلىشى كېرەك؛ قىسقا مۇددەت ئىچىدە ھەل قىلىشقا شارائىت يار بەرمەيدىغانلىرىنىمۇ پائال شارائىت يارىتىپ تېزرەك ھەل قىلىشنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك. پارتىيە بىلەن ئامما مۇناسىۋىتىگە، كادىرلار بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىگە تەسىر يەتكۈزىدىغان قىزىتما نۇقتىلىق مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ھەل قىلىپ، مەسىلىنىڭ دۆۋىلىنىپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارماسلىقى كېرەك.

ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى مەركىزىي كومىتېتنىڭ «قارار»نى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ «قارار»نى ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدىكى پىكرى»نى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى بىر مۇھىم خىزمەت قاتارىدا دائىم بوشاشماي تۇتۇشى كېرەك. مەركىزىي كومىتېتنىڭ «قارار»ى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ «قارار»نى ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدىكى پىكرى»نى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى پارتىيىنىڭ تەشكىلىي تۈرمۇشى، رەھبەرىي كادىرلارنىڭ دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنى ۋە كادىرلارنى سىناپ باھالاشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىش كېرەك. ھەر يىلى يىللىق خۇلاسە قىلغاندا پارتىيىنىڭ ئامما بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدە، كادىرلارنىڭ ئامما بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدە ساقلانغان مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈشكە بىرلەشتۈرۈپ، ھەل قىلىش چارىلىرىنى قاراتمىلىقى بولغان ھالدا مۇھاكىمە قىلىش كېرەك. ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالىنى قەرەللىك ھالدا يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتىغا دوكلات قىلىش ھەمدە بۇنى تۈزۈمگە ئايلاندۇرۇش كېرەك.

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى پارتىيىمىزنىڭ ئامما بىلەن زىچ ئالاقە باغلاشتەك ئېسىل ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىغا تېخىمۇ يېقىندىن تايىنىشى ۋە ئۇلار بىلەن زىچ ئىتتىپاقلىشىشى، ئاپتونوم رايونىمىزدا تەدرىجىي ھالدا مەركەزلەشتۈرۈشمۇ بولغان، دېموكراتىيىمۇ بولغان، ئىنتىزامىمۇ بولغان، ئەركىنلىكمۇ بولغان، ئىرادە بىرلىكىمۇ بولغان، شەخسلەرنىڭ كۆڭۈل ئازادىلىكىمۇ بولغان جانلىق، ئىتتىك سىياسىي ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تۈرلۈك سوتسىيالىستىك ئىشلىرىنى ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلىتىشى كېرەك.

---

(بېشى [illegible] - بەتتە)

ھەر بىر ئائىلىدە كاناي بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش، ساغلام، مەدەنىي بولغان تۈرلۈك ئاممىۋى مەدەنىيەت، تەنتەربىيە پائالىيىتىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىش لازىم. يېزىلاردا ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىزمىتىگە داۋاملىق ئەھمىيەت بېرىش، ئىلىم - پەننى ئومۇملاشتۇرۇش پائالىيىتىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ ئىلىم - پەن مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك.

نۆۋەتتە يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىدا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەرتىپكە سېلىشنى قارار قىلدى. مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بۇ ھەقتە كونكرېت لايىھىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇ لايىھە مۇزاكىرە قىلىنغاندىن كېيىن، ئىجرا قىلىش ئۈچۈن تۆۋەنگە چۈشۈرۈپ بېرىلىدۇ. بۇ خىزمەت بۇ يىلنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ ئېلىپ بېرىلىدۇ، ئىككى يىلدىن ئۈچ يىلغىچە پۈتۈنلەي ئاخىرلاشتۇرۇلىدۇ.

(1990 - يىل 7 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئېچىلغان ئاپتونوم رايونلۇق 3 - نۆۋەتلىك پارتىيە كومىتېتى 15 - ئومۇمىي (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىدا بېرىلگەن دوكلاتتىن قىسقارتىپ ئېلىندى)

# ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك

سۇڭ خەنلياڭ



يېزىلاردىكى ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى — ھەر مىللەت دېھقانلىرىنى يېتەكلەپ، سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرىدىغان سىياسىي يادرو ۋە جەڭگىۋار قورغان، ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت تەشكىلاتلىرى يېزىلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنى باشقۇرىدىغان مەركىزىي ئاپپارات. ئاساسىي قاتلامدىكى ئاممىۋى تەشكىلاتلار — پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى بىلەن ئالاقە باغلىشىدىكى كۆۋرۈك ۋە ۋاستە. يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنىڭ ياخشى ياكى يامان بولۇشى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ۋە قانۇن، ئەمىر - پەرمانلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە، خەلق ھاكىمىيىتىنى ھەقىقىي تۈردە مۇستەھكەملەش - مۇستەھكەملىيەلمەسلىككە، پارتىيىنىڭ ھەر مىللەت دېھقانلىرى بىلەن بولغان قان بىلەن گۆشتەك مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ قېلىش - قالالماسلىققا ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇش - قىلدۇرالماسلىققا بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك. يېزىلاردىكى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بارلىق خىزمەتلىرىنى ئورۇندان ئىشلىشىدىكى ئاساس، شۇنداقلا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىنى مۇقىملاشتۇرۇش ۋە ئۇنى ئۇزاقىچە ئامان - ئېسەن قىلىشتىكى ئاساس.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزىلىرىدىكى ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت تەشكىلاتلىرىنىڭ كۆپچىلىكى ياخشى ۋە بىر قەدەر ياخشى. لېكىن ھەقىقەتەن بەنە بەزى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى باركى، ئۇلار پالەچ ۋە يېرىم پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قېلىپ، ئۆزىنىڭ رەھبەرلىك رولىنى ۋە فۇنكسىيىلىك رولىنى ئوينىيالمىدى. بارىن يېزىسىدىكى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى گەۋدىلىك تىپ. بارىن يېزىسىدا ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭ يۈز بەرگەندە، بارىن يېزىلىق پارتىيە كومىتېتى ۋە خەلق ھۆكۈمىتى دۈشمەنگە قارشى كۆرەش قىلىش جەڭگىۋارلىقىنى پۈتۈنلەي يوقىتىپ قويىدى. يېزا باشلىقى ئەبەي ئەمەت ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭغا دائىر ئەھۋاللارنى بىلىپ تۇرۇپ مەلۇم قىلماي قېچىپ يۈردى. توپىلاڭدىن كېيىنمۇ ئۇ ناھىيە بازىرىغا بېرىۋېلىپ خىزمەت قىلمىدى. خېلى كۆپ يېزا، كەنت دەرىجىلىك كادىرلار، پارتىيە ئەزالىرى توپىلاڭغا قاتناشتى ۋە توپىلاڭغا چېتىلدى. بۇ ئىنتايىن ئېچىنىشلىق ساۋاق. بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەن قوراللىق توپىلاڭ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يېزا ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشىدا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى، يېزا خىزمىتىدىكى ئاجىز ھالقىلارنى مەركەزلىك ھالدا ئاشكارىلاپ بەردى. ئۇ ئاساسلىقى، يېزىلاردىكى ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ سىياسىي يادرولۇق ئورنىنىڭ تىكلەنمىگەنلىكىدە، ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت تەشكىلاتلىرىنىڭ فۇنكسىيىسىنىڭ باشقىچە بولغانلىقىدا، ئاساسىي قاتلام ئاممىۋى تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇق شەكىلگە ئايلىنىپ قالغانلىقىدا، ھەتتا بەزى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى بۇزۇق ئادەملەرنىڭ چاڭگىلىغا ئېلىۋالغانلىقىدا، دىنىنىڭ سىياسىيغا، ئىقتىسادقا، مەدەنىيەتكە ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا ئارىلىشىۋېلىشىنىڭ كۈنسايىن ئېغىرلىشىپ كەتكەنلىكىدە، يېزا

ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە سوتسىيالىزمنىڭ يېتەكچى ئورنىنىڭ پەيدىنپەي قولدىن بېرىپ قويۇلغانلىقىدا ئىپادىلەندى. پارتىيە بېزىسىدا ئازاد بولۇپ 40 يىل ئۆتكەندىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە نېمە ئۈچۈن يەنە ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭ يۈز بېرىدۇ؟ بۇنىڭدىن سەۋەب شۇكى، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك ئورنى قولدىن بېرىپ قويۇلدى، ھاكىمىيەت بۇزۇق ئادەملەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى، سوتسىيالىستىك ئىدىيە — مەدەنىيەت بازىسى قولدىن بېرىپ قويۇلدى، دىنىنىڭ يامراپ كېتىشىگە يول قويۇلدى. بۇنداق ئەھۋالنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى سەۋەب شۇكى، ئاساسلىقى، بۇ بىر قانچە يىلدىن بۇيان يولداش جاۋزىياڭنىڭ خاتالىقىنىڭ تەسىرى ئاستىدا، پارتىيىنىڭ يېزىلارغا بولغان رەھبەرلىكى سۇسلاشتۇرۇپ قويۇلدى، ئىدىيۋى - سىياسىي خىزمەت ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىلدى، يېزا خىزمىتىدە بىر ئىشنى چىڭ، بىر ئىشنى بوش تۇتۇش ئەھۋالى ئىنتايىن گەۋدىلىك بولدى. مۇشۇ بىر قانچە يىلدا، بىز كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ شەھەر ۋە مەكتەپلەرنى مۇقىملاشتۇرۇش خىزمىتىنى تۇتتۇق. بۇنداق قىلىش توغرا، لېكىن بۇ جەرياندا بىز يېزا ئاساسىي قاتلام خىزمىتىگە، بولۇپمۇ يېزىلارنى مۇقىملاشتۇرۇش خىزمىتىگە سەل قارىدۇق، يېزىلاردا مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان سىنىپىي كۈرەشنى بوشاشتۇرۇپ قويدۇق، يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى بوشاشتۇرۇپ قويدۇق، يېزىلاردىكى ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىغا دىگەندەك كۆڭۈل بۆلمىدۇق، ياردەم بەرمىدۇق ۋە مەدەت بەرمىدۇق، ئۇلارنى ئوبدان قوللىمىدۇق. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى يېزىلارغا چۈشكەندە ئىشلەپچىقىرىشقا كۆپرەك كۆڭۈل بۆلۈپ، پارتىيە قۇرۇلۇشىغا ئاز كۆڭۈل بۆلدى، يېزىلارنىڭ ئىدىيە، مەدەنىيەت بازىسى قۇرۇلۇشىغا تېخىمۇ ئاز كۆڭۈل بۆلدى، ئۇلارنىڭ ئىنچىكە ئاممىۋى خىزمەت ئىشلىشى تېخىمۇ ئاز بولدى، ئىشلەپچىقىرىشنى تۇتۇشقىلا ئەھمىيەت بېرىدىغان، سىياسىي - ئىدىيۋى خىزمەت ئىشلەشكە سەل قارايدىغان بۇنداق خاھىش يېزىلاردا سىياسىينى، مەدەنىيەتنى ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى باشقۇرۇش كۈچلۈك بولماسلىق ياكى ئۇلارنى باشقۇرىدىغان ئادەم بولماسلىق ئەھۋالىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئىلگىرى يېزا ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش مەسىلىسىنى كۆپ قېتىم ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى ھەقىقىي تۈردە دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرمىدى، بۇ جەھەتتە بىزدە ساۋاق بار.

جايلارنىڭ تەجرىبىسى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، يېزىلاردىكى مۇقىملاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئاساسىي قاتلامدىن باشلاپ تۇتۇش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىملىقى ۋە تەخىرسىزلىكىگە بولغان تونۇشىنى ئۆستۈرۈشى، ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ھەقىقىي تۈردە كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىدا ساقلانغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشى كېرەك.

يېزا ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىش، پارتىيىنىڭ يېزىلاردىكى رەھبەرلىك ئورنىنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىش كېرەك. پارتىيىمىز — ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيە، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئارقىلىق گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ. ئەگەر پارتىيە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئورنىدىن ۋاز كەچسە، رەھبەرلىك قىلىشتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. شۇڭا، بىز ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىگىمىزنى كۈچەيتىپ، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىقتىدارىمىزنى ئۆستۈرۈشىمىز كېرەك. پارتىيە نىزامنامىسىدا: «پارتىيە رەھبەرلىكى، ئاساسەن، سىياسىي، ئىدىيۋى ۋە تەشكىلىي جەھەتلەردىكى رەھبەرلىك» دەپ بەلگىلەنگەن. بىز بۇ ئۈچىنى تېخىمۇ ياخشى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە ماھىر بولۇپ، سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ساھەلىرىدە سوتسىيالىزم يۆنىلىشىدە تېخىمۇ چىڭ تۇرۇپ، پارتىيىنىڭ تۈرلۈك ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا بولغان رەھبەرلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشىمىز، رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشىمىز، يېزىلىق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىلىرىنى، كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىلىرىنى ئەستايىدىل تاللاپ

سەپلىشىمىز، يېزىلارنىڭ ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمىتىنى، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە ۋە تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش تەربىيىسىنى، ماركسىزم ئاساسىي نەزەرىيىسىنى ۋە پارتىيىگە دائىر ئاساسىي بىلىملەر تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ سىياسىي - ئىدىيىۋى ساپاسىنى ئۆستۈرۈشىمىز كېرەك. «ئۈچ يىغىن، بىر دەرس تۈزۈمى»، «پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى بويىچە نىشان بەلگىلەپ مەسئۇل بولۇش تۈزۈمى»، «پارتىيە ئەزالىرىنى دېموكراتىك ئاساستا باھالاش تۈزۈمى»، «پارتىيە ئەزالىرى ئامما بىلەن ئالاقە باغلاش تۈزۈمى» قاتارلىقلارنى تۇرغۇزۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. بوشاڭ، چېچىلاڭغۇ بەزىلەرنى ئەستايىدىل تەرتىپكە سېلىش، ئېغىر مەسىلىسى بار رەھبەرلەرنى قەتئىي ھالدا ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇۋېتىش كېرەك. مادارا قىلىشقا بولمايدۇ. كومپارتىيە ئەزالىرى پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى باشلامچىلىق بىلەن ئىجرا قىلىشى، پارتىيە تەشكىلاتلىرى سىياسىي يادرولۇق ۋە جەڭگىۋار قورغانلىق رولىنى، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى كېرەك.

ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىش، يېزا (بازار) ھاكىمىيىتىنىڭ فۇنكسىيىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك. يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنىدا، يېزىلىق، مىللىي يېزىلىق، بازارلىق خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ خىزمەت ھوقۇقى توغرىسىدا ئېنىق بەلگىلىمە چىقىرىلغان، بۇ بەلگىلىمىدە: ئۇلار ئۆز مەمۇرىي رايونىنىڭ ئىقتىساد ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىنى، خام چوتىنى ئىجرا قىلىدۇ، ئۆز مەمۇرىي رايونىنىڭ ئىقتىساد، مائارىپ، ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە، مالىيە، خەلق ئىشلىرى، جامائەت خەۋپسىزلىكى، ئەدلىيە مەمۇرىيىتى، پىلانلىق تۇغۇت ئىشلىرى قاتارلىق مەمۇرىي ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ، دەپ ئېيتىلغان. ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت تەشكىلاتلىرى يەرلىك تەشكىلىي قانۇننى توغرا ئىجرا قىلىشى، يەرلىك تەشكىلىي قانۇن بەرگەن ھوقۇقنى ئۈنۈملۈك يۈرگۈزۈشى كېرەك. يېزا (بازار)لاردىكى ئۇۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمى خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ھەر مىللەت ئاممىسىغا دېموكراتىك ھوقۇقنى توغرا يۈرگۈزۈپ، يېزا (بازار) باشلىقىنى سايلاش توغرىسىدا تەربىيە بېرىش لازىم. ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە ناھىيىلەر بەزى مۇنەۋۋەر، ياش كادىرلارنى تاللاپ ئاساسىي قاتلامغا ئەۋەتىپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ خىزمىتىنى كۈچەيتىشى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كادىرلارنى ئالماشتۇرۇش تۈزۈمىنى ئورنىتىشى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشى كېرەك.

ئاساسىي قاتلام ئاممىۋى تەشكىلاتلىرىنى ۋە ئاپتونومىيە تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم. ئاساسىي قاتلامدىكى كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى، ئاياللار بىرلەشمىسى تەشكىلاتلىرىنىڭ يېزا باشلىرى، ئاياللىرى بىلەن ئىتتىپاقلىشىش ۋە ئۇلارغا تەربىيە بېرىشتىكى رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش لازىم، ئاساسىي قاتلام پارتىيە، ھۆكۈمەت تەشكىلاتلىرى ئۇلارنىڭ ئۆزى ۋەكىللىك قىلىدىغان ئاممىنىڭ پىكىرلىرىنى ۋە تەلەپلىرىنى ۋاقتىدا ئىنكاس قىلىشىنى قوللىشى لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە خەلق ئەسكىرىي خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەش كېرەك.

يېزىلاردىكى ئىدىيە، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىپ، سوتسىيالىستىك ئىدىيە ئارقىلىق يېزىلاردىكى سوتسىيالىزم بازىسىنى مۇستەھكەم ئىگىلەش لازىم. يېزىلار ۋە كەنتلەر يېزا مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان مۇلازىمەت سىستېمىسىنى بەرپا قىلىشى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشى، پارتىيە ئەزالىرى، ئىتتىپاق ئەزالىرى ۋە ئاكتىپلار تايانچ قىلىنغان ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەت قوشۇنى بەرپا قىلىشى، كۆپ خىل يول ئارقىلىق، جۈملىدىن خەلق باشقۇرۇش، ھۆكۈمەت ياردەم بېرىش ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرى كەسپىي خىراجىتىنى مۇۋاپىق كۆپەيتىش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق يېزىلاردىكى ئىدىيە، مەدەنىيەت سورۇنلىرى قۇرۇلۇشىنى ۋە ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، يېزىلارنىڭ رادىئو، تېلېۋىزىيە، كىنو قاتارلىق تەشۋىقات، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش، ھەر بىر كەنتتە قىرائەتخانا، تېلېۋىزور قويۇش ئۆيى، مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش ئۆيى بولۇشىنى،

(ئاخىرى 17 - بەتتە)

# مىللەتلەر باراۋەرلىكىدە ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا چىڭ تۇرايلى

چى رەن

بۇ يىل 2-ئايدا، يولداش جياڭ زېمىن مەملىكەتلىك مىللىي ئىشلار كومىتېتلىرى مۇدىرلىرى يىغىنى توغرىسىدىكى دوكلاتنى ئاڭلىغاندا مۇنداق دېدى: «دۆلىتىمىز قۇرۇلغان 40 يىلدىن بۇيان، پارتىيىمىزنىڭ مىللىي سىياسىتى ماركسىزملىق مىللىي سىياسەت بولدى. ھەر قايسى مىللەتلەر ئىتتىپاق بولدى.» بۇ، دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى پارتىيىمىزنىڭ مىللىي سىياسىتىگە ۋە مىللىي خىزمىتىگە ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلىگەن ھالدا بېرىلگەن باھا ۋە چىقىرىلغان يەكۈن، ئۇ ھەم پۈتۈن مەملىكىتىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن، ھەم شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە پۈتۈنلەي ئۇيغۇن.

40 يىلدىن بۇيان، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ سەمىمىي غەمخورلۇقىدا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈپ، ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىپ، سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئىشلىرىدا غايەت زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىدىمۇ مول نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. 1982-يىلى 11-ئايدا ئېچىلغان ئاپتونوم رايونلۇق تۇنجى قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىدا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىلدى. شۇندىن ئېتىبارەن، ھەر يىلى 5-ئايدا قانات يايدۇرۇلىدىغان «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە تەربىيە ئېيى» پائالىيىتى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى ئۈزلۈكسىز يېڭى يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئوتتۇرىغا قويغان «ھەممە ئادەمدە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئىدىيىسى بولۇش، ھەممە ئادەم مىللىي سىياسەتنى بىلىش، ھەممە ئادەم مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى سۆزلەش، ھەممە ئادەم مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە ياخشى ئادەم بولۇش، ياخشى ئىشلارنى قىلىش» تەشەببۇسى ھەممە ئائىلىلەر بىلىدىغان، ھەممە ئادەم خەۋەردار بولغان ھەرىكەت مىزانىغا ئايلاندى. مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى، مىللىي ئىتتىپاقلىق ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئوبيېكتىپ رېئاللىق. لېكىن شۇنىمۇ كۆرۈۋېلىشىمىز كېرەككى، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بۆلگۈنچىلەر سۇيىقەستلىك، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتىنى ئەزەلدىن توختاتقىنى يوق. ئۇلار مىللەتلەر باراۋەر بولغان ۋە ئىتتىپاقلاشقان پاكىتقا كۆز يۇمۇپ، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى يامان غەرەزلىك بىلەن «مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى باراۋەرسىزلىك» دەپ ھۇجۇم قىلدى. بۇنداق سەپسەتىلەرگە پاكىت ئارقىلىق زەربە بېرىشىمىز كېرەك.

## جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى جۇڭگودىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتى تارىخىدا يېڭى دەۋر ئاچتى

1949-يىلى 10-ئايدا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى جۇڭگو تارىخىنىڭ يېپيېڭى دەۋرگە قەدەم قويغانلىقىدىن دېرەك بەردى. شۇندىن ئېتىبارەن مىللەتلەر مۇناسىۋىتى تارىخىدا يېڭى تارىخىي دەۋر ئېچىلدى، مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى مىللىي زۇلۇم ۋە مىللىي كەمسىتىشنىڭ ئورنىغا دەسسىدى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئارا ياردىمى مىللىي ئايرىمچىلىقنىڭ ئورنىغا دەسسىدى.

پارتىيىمىز ئۇزاق مۇددەتلىك ئىنقىلاب ۋە

قۇرۇلۇش ئەمەلىيىتى داۋامىدا، مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكىدە چىڭ تۇرۇشنى باشتىن - ئاخىر مەملىكىتىمىزدىكى مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئاساسىي پرىنسىپى قىلىپ كەلدى. يېڭى دېموكراتىزملىق ئىنقىلاب دەۋرىدە، پارتىيىمىز ئازاد رايونلاردا مىللىي باراۋەرلىك سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى، قانۇن جەھەتتىكى باراۋەرلىك ئورنىغا كاپالەتلىك قىلدى. 1947 - يىلى ئىچكى موڭغۇلدا ئاپتونوم رايون قۇرۇپ، ئازادلىقتىن كېيىن پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلىرىدا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش ئۈچۈن قىممەتلىك تەجرىبىلەرنى توپلىدى. پۈتۈن مەملىكەت ئازاد بولغاندىن كېيىن، پارتىيىمىز مىللىي باراۋەرلىك سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ كەڭلىكى ۋە چوڭقۇرلۇقى جەھەتتە غايەت زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. ماۋجۇشى 1953 - يىلى بىر قېتىملىق پارتىيە مەركىزى كومىتېتىنىڭ خىزمەت يىغىنىدا مۇنداق دەپ ئېنىق كۆرسەتتى: «ئىلمىي تەھلىل قىلىشقا بولىدۇ، لېكىن سىياسىي جەھەتتە قايسىسىنىڭ مىللەت، قايسىسىنىڭ قەبىلە ئىكەنلىكىنى ئايرىماسلىق كېرەك.» بۇ يوليورۇققا ئاساسەن، پارتىيە، دۆلەت ئومۇمەن جۇڭگو زېمىنىدا مۇقىم ياشايدىغان كىشىلەر ئورتاق گەۋدىسىنى، مەيلى ئۇنىڭ ئاھالىسىنىڭ كۆپ ياكى ئاز، تېررىتورىيىسىنىڭ چوڭ ياكى كىچىك، ئىجتىمائىي تەرەققىيات باسقۇچىنىڭ يۇقىرى ياكى تۆۋەن ۋە ئاساسىي گەۋدىسىنىڭ مەملىكىتىمىز تەۋەلىكىدە بولۇشىدىن ياكى بولماسلىقىدىن قەتئىي نەزەر، تارىختا شەكىللەنگەن، ئىقتىسادىي تۇرمۇش، تىل - يېزىق، كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەك، ئۆرپ - ئادەت، مىللىي ئاڭ قاتارلىق جەھەتلەردە روشەن ئالاھىدىلىككە ئىگە بولسىلا «مىللەت» دەپ ئاتاشنى قارار قىلدى. شۇ چاغدا دۆلەت مەمۇرىي كېڭەشى يەنە ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ، كونا جۇڭگودىن قېپقالغان ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ھاقارەتلەيدىغان يەر - جاي نامى، مىللەت نامى قاتارلىقلارنى بىكار قىلدى ۋە ئۆزگەرتتى.

دۆلىتىمىز قۇرۇلغان 40 يىلدىن بۇيان، دۆلىتىمىز مىللىي خىزمەت جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلەر ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ ئىنتايىن قالاق قىياپىتىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىپلا قالماستىن، بەلكى مىللىي كەمسىتىش ۋە مىللىي زۇلۇمنى يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلاپ، ھەر مىللەت خەلقىنى ھەقىقىي تۈردە دۆلەتنىڭ خوجايىنىغا ئايلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

ئاپتونوم رايونىمىز قۇرۇلغان 30 نەچچە يىللىق تارىخنى ئەسلىسەك شۇنى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىزكى، شىنجاڭدىن ئىبارەت مۇشۇ كۆپ مىللەتلىك رايوندا مىللىي خىزمەتتە بەزى سەۋەنلىكلەر كۆرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، مىللەتلەر مۇناسىۋىتى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ياخشى بولدى. بۇنداق بولۇشىدىكى مۇھىم بىر تەجرىبە شۇكى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى تۈرلۈك سىياسەتلەرنى تۈزگەندە، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئىشلەپ بارغاندا، ئاساسىي قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، مىللىي باراۋەرلىك پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. مەسىلەن، «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، دەرھال ئاپتونومىيە ئورگىنى خادىملىرىنىڭ تەركىبىنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ تەكشۈردى. ھازىر، ئاپتونوم رايونلۇق، ئاپتونوم ئوبلاستلىق ۋە ئاپتونوم ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ مۇدىرلىرى ۋە رەئىسلىرى، ئوبلاست باشلىقى، ناھىيىنىڭ ھاكىمى سايلام ئارقىلىق تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتنىڭ پۇقرالىرىدىن بولدى. ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى ۋە تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقىمۇ تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان ئۇيغۇر مىللىتى پۇقرالىرىدىن بولدى. 1985 - يىلى ئېچىلغان ئاپتونوم رايونلۇق 6 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 3 - سانلىق يىغىنىغا قاتناشقان 654 ۋەكىل ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ۋەكىللىرى 423

نەپەر بولۇپ، ئومۇمىي سانىنىڭ 64.68 پىرسەنتىنى، جۈملىدىن ئۇيغۇر ۋەكىللەر 274 نەپەر بولۇپ، 41.9 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 46 نەپەر دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت 30 نەپەر بولۇپ، 65.22 پىرسەنتىنى، 13 نەپەر مۇدىر ۋە مۇئاۋىن مۇدىر ئىچىدە، ئاز سانلىق مىللەت توققۇز نەپەر بولۇپ، 69.23 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، جۈملىدىن ئۇيغۇرلار ئالتە نەپەر بولۇپ، 46.15 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىدە ھازىر بار بولغان ئالتە نەپەر رەئىس، مۇئاۋىن رەئىس ئىچىدە، ئاز سانلىق مىللەت تۆت نەپەر بولۇپ، ئۇيغۇرلار ئۈچ نەپەرنى ئىگىلىدى. دېمەك، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان خوجايىنلىق ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىندى. ئۇنىڭدىن باشقا، شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن بۇيان، زور تۈركۈم ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ۋە كەسپىي تېخنىكا خادىملىرى يېتىشتۈرۈلدى. 1987 - يىلغىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى 211 مىڭ كىشىگە يەتتى، جۈملىدىن ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى پارتىيىمىزنىڭ يۇقىرى ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك كادىرلىرى بولدى. بۇ زور تۈركۈم ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى — پارتىيىمىزنىڭ قىممەتلىك بايلىقى، پارتىيىمىزنىڭ ھەر مىللەت خەلقى بىلەن ئالاقە باغلاشتىكى كۆۋرۈك رىشتىسى.

نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىزدا چوڭ - كىچىك 47 مىللەت بار، ئۇلار تەڭ - باراۋەر سىياسىي، ئىقتىسادىي ئورۇندىن بەھرىمەن بولماقتا، ئۇلارنىڭ ئۆز تىل - يېزىقىنى قوللىنىش ئەركىنلىكى بار، ئۇلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتى ھۆرمەتكە سازاۋەر، ئۇلارنىڭ نورمال دىنىي پائالىيىتى قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ. قىسقىسى، ئورتاق يارىتىلغان بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەت ۋە سوتسىيالىستىك يېڭى شىنجاڭ قۇرۇلۇش كۈرىشى ھەر قايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا باراۋەر، ئىتتىپاق، ئۆز ئارا ياردەم بېرىدىغان يېڭىچە سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى ئورناتتى ھەمدە ئۇ جەددىي سىناقلاردىن ئۆتتى.

## پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرىدا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئورتاق راۋاجلىنىش، ئورتاق گۈللىنىشتەك داغدام يولغا ماڭدى

1957 - يىلى يولداش جوۋئېنلەي چىڭداۋ مىللىي خىزمەت سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان سۆزىدە مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: «بىز ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ھەم باراۋەر بولۇشىنى ھەم ھەممىسىنىڭ گۈللىنىشىنى تەشەببۇس قىلىمىز. مىللەتلەرنىڭ گۈللىنىشى سوتسىيالىزمنىڭ مىللىي سىياسەت جەھەتتىكى تۈپ مەيدانى.»

تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، دۆلىتىمىزدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت تەرەققىياتى تەكشى بولمىدى، خەنزۇلار بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى زور پەرق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىمۇ ناھايىتى زور پەرق ساقلانماقتا. بۇنداق ئەمەلىيەتتىكى پەرق، يەنى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى، بولۇپمۇ خەنزۇلار بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىساد، مەدەنىيەت تەرەققىيات سەۋىيىسى جەھەتتە ساقلانغان پەرق كونا جۇڭگودىن يېڭى جۇڭگوغا قېپقالغان ئاچچىق، ئېغىر تارىخىي مىراس. شۇڭا، پارتىيىمىز ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ياردەم بېرىشنى ئىزچىل تۈردە دۆلىتىمىزدىكى مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تۈپ ۋەزىپىسى قىلىپ كەلدى. 1954 - يىلىلا پارتىيىمىز ۋەتەننى گۈللەندۈرۈش يولىدىكى ئورتاق ئىشلاردا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيىتىنى پەيدىنپەي راۋاجلاندۇرۇپ، تارىختىن قېپقالغان مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئەمەلىيەتتىكى باراۋەرسىزلىكنى پەيدىنپەي يوقىتىپ، ئارقىدا قالغان مىللەتلەرنى ئىلغار مىللەتلەر قاتارىغا ئۆتكۈزۈپ، سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە پەيدىنپەي ئۆتۈشنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى.

ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان مۈلۈكچىلىكنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئاساسى جەھەتتىن ئورۇنلانغاندىن كېيىن، يولداش ماۋ زېدۇڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: «ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى راۋاجلاندۇرۇشىغا چىن كۆڭۈل، سەمىمىي نىيەت بىلەن ئاكتىپ ياردەم بېرىش كېرەك.» مەركەزنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، شىنجاڭغا يۈرۈش قىلغان جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى كوللېكتىپ كەسىپ ئالماشتۇرۇپ، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۈەنىنى بولۇپ تەشكىللەندى. كەڭ كوماندىر - جەڭچىلەر ئەسكەر تۇرغۇزۇپ، بوز يەر ئېچىپ، چېگرا رايوننى مۇھاپىزەت قىلىپ، جاپاغا چىداپ ئىگىلىك يارىتىپ، شىنجاڭ ئۈچۈن كۈچلۈك ئىقتىسادىي ئاساس ھازىرلاپ بەردى، ئۇ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكى قۇرۇلۇشىدا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.

40 يىلدىن بۇيان، پارتىيە ۋە دۆلەت ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ ۋە مالىيە كۈچى جەھەتتە شىنجاڭغا غايەت زور ياردەم بەردى، جۈملىدىن مالىيە جەھەتتىكى ياردەم 27 مىليارد يۈەنگە يېتىپ، شۇ مەزگىلدىكى يەرلىك مالىيە ئومۇمىي چىقىمىنىڭ 60 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛ بىۋاسىتە شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئۈچۈن سەرپ قىلىنغان كۆچمەس مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ 26 مىليارد يۈەنگە يەتتى. بۇ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خەلق ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشتا ھالقىلىق رول ئوينىدى. نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىزدا قۇرۇلغان چوڭ ۋە ئوتتۇرا تىپتىكى نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرى 130 غا يېتىپ، 13 مىليارد 600 مىليون يۈەن قىممەتتىكى مەبلەغ سېلىش ۋەزىپىسى ئورۇندالدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلار ئاپتونوم رايونىمىز ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ تۈۋرۈكى بولۇپ قالدى. 1989 - يىلدىكىنى 1949 - يىلدىكىگە سېلىشتۇرغاندا، پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 129.7 ھەسسە، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 10.8 ھەسسە، ئاشلىق مەھسۇلاتى 7.25 ھەسسە، پاختا مەھسۇلاتى 58 ھەسسە ئاشتى. ھازىرقى شىنجاڭنى ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى شىنجاڭ بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئازادلىقتىن ئىلگىرى بىر تال سەرەڭگە، بىر سۆڭ رەخت، بىر جىڭ پولات ئىشلەپچىقىرالمايدىغان شىنجاڭدا بۈگۈنكى كۈندە، پولات، توقۇمىچىلىق، يېنىك سانائەت، نېفىت، نېفىت - خىمىيە سانائىتى، ئېلېكتر قۇۋۋىتى، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى قاتارلىق زامانىۋى سانائەتلەر مۇشۇنداق تېز سۈرئەت بىلەن راۋاجلاندى، نۇرغۇن سانائەت مەھسۇلاتلىرى يەنە خەلقئارا بازارلارغا كىردى، بۇ، نېمە دېگەن غايەت زور ئۆزگىرىش - ھە!

مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى جەھەتتە، سۈنئىي ھەمراھ ئالاقىسىنىلا مىسال ئالساق، 1984 - يىلدىن بۇيان، دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك مىنىستىرلىك، كومىتېت، ئىشخانىلىرى ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ نەچچە مىليون يۈەن مەبلەغ، كۆپ مىقداردىكى ئىلغار ئۈسكۈنىلەر ۋە تېخنىكىلارنى ئاجرىتىپ، شىنجاڭنىڭ سۈنئىي ھەمرا ئالاقىسى ئىشلىرىغا ياردەم بەردى. 1984 - يىلى مەملىكەت بويىچە بىرىنچى تۈركۈمدىكى بەش سۈنئىي ھەمرا ئالاقىسى يەر شارى پونكىتىنىڭ بىرى ئۈرۈمچىدە قۇرۇلدى. 1985 - يىلى دۆلەت ئۈرۈمچى، خوتەن، قەشقەر، غۇلجا ۋە ئالتايغا بىردىن تېلېۋىزىيە نومۇرلىرىنى سۈنئىي ھەمراھ ئارقىلىق قوبۇل قىلىش پونكىتىنى تەقدىم قىلدى، بۇنىڭ بىلەن چەت - ياقا رايونلار مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ نومۇرلىرىنى كۆرەلەيدىغان بولدى. نۆۋەتتە، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ شەھەر - يېزىلىرىغا تارالغان تېلېۋىزىيە نومۇرلىرىنى سۈنئىي ھەمرا ئارقىلىق قوبۇل قىلىش ئىستانسىسى كۆپىيىپ 400 دىن ئېشىپ، ئاھالىنى قاپلاش نىسبىتى 65 پىرسەنتتىن ئاشتى، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى مەملىكەت بويىچە نومۇرلىرىنى سۈنئىي ھەمرا ئارقىلىق تارقىتىدىغان تۇنجى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بولۇپ قالدى. «خەلق گېزىتى» قاتارلىق بېيجىڭدا چىقىدىغان گېزىتلەرمۇ سۈنئىي ھەمرا ئارقىلىق فاكسىمىللىق ئاپپاراتتا يەتكۈزۈلۈپ، شۇ كۈنى

ئۈرۈمچىدە بېسىپ چىقىرىلىدىغان بولدى. سۈنئىي ھەمرا ئارقىلىق يەتكۈزۈش يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئۈرۈمچىدىكى ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون ئىلگىرىكى ئۇنىڭغا يەتمەيدىغان لىنىيىدىن بىر يولىلا 58 لىنىيىگە كۆپەيتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 55 لىنىيە شىنجاڭدىن سىرتقا ئۇلاندى. بۇ يىلنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا سۈنئىي ھەمرا ئارقىلىق ئېلىپ تارقىتىش ماشىنىسىنى تەقسىم قىلىش يېڭى پىلانى ئىجرا قىلىنغاندىن كېيىن، يەنە 252 لىنىيە ئېچىلىدۇ ھەمدە ئۈرۈمچىدىن خەلقئاراغا ئۇلىنىدىغان بىۋاستە ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون يولغا قويۇلىدۇ. دۆلەت ئەزەلدىن شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان نامرات رايونلاردىكى خەلقنىڭ تۇرمۇشىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى. 1977 - يىلدىن 1987 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىلا بىر نەچچە خەلق ئىشلىرى تارمىقى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى سەككىز نامرات ناھىيىگە يەتتە مىليون 40 مىڭ يۈەن ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش پۇلى ياردەم بەردى، مالىيەدىن 17 مىليون 340 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ بەردى، بانكىدىن 59 مىليون 640 مىڭ يۈەن قەرز بەردى، يۇقىرىقى ئۈچ تۈرنى قوشقاندا 84 مىليون 20 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ بەردى. بۇنىڭ بىلەن 350 مىڭ ئائىلە، بىر مىليون 230 مىڭ دېھقان، چارۋىچى قۇتۇلدۇرۇلدى. 1989 - يىلى جەنۇبىي شىنجاڭغا جايلاشقان ئىككى ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1985 - يىلدىكى 242.3 يۈەندىن 413.8 يۈەنگە كۆپىيىپ، 70.8% ئاشتى، بۇ، پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ 38.4% ئاشقان ئوتتۇرىچە كىرىمىدىن كۆپ ئارتۇق.

يۇقىرىقى پاكىتلار ئىسپاتلىدىكى، مەركەزدىن تارتىپ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتكوملارغىچە شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنى ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە بەخت - سائادەت يارىتىش ئۈچۈن، كۈچىنى ئايىماي، پۈتۈن ئىقتىدارىنى ئىشقا سالدى. ھازىر، شىنجاڭ بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرق پەيدىنپەي كىچىكلىمەكتە، بەزى تەرەپلەردە شىنجاڭ ئۇلارغا يېتىشىۋالدى، بەزى تەرەپلەردە ئۇلاردىن ئېشىپ كەتتى. تارىخىي تەجرىبىلەرنى يەكۈنلىسەك، شۇنداق بىر ئورتاق تونۇشقا ئىگە بولالايمىزكى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، بىرلىككە كەلگەن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئىچىدە ئىتتىپاقلىشىپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇپ، سوتسىيالىزم يولىدا قەتئىي ماڭىدىغانلا بولساق، ھەر قايسى مىللەتلەر ۋە ھەر قايسى مىللەت خەلقى شانلىق ئىستىقبالغا ئىگە بولالايدۇ.

## مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداپ، مىللىي بۆلگۈنچىلەر بىلەن قەتئىي كۆرەش قىلايلى

نۆۋەتتە، بىز مۇنداق بىر پاكىتقا جىددىي قارىشىمىز كېرەك: مىللىي بۆلگۈنچىلىك ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەت ھەمدە بۇ جەھەتتىكى ئەھۋال ئېغىر، بۇنىڭ خەلقئارادىمۇ، مەملىكەت ئىچىدىمۇ ئارقا كۆرۈنۈشى بار، شۇڭا، مىللىي بۆلگۈنچىلىك — بىز ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق دۈشمىنى، شىنجاڭدىكى ئاساسىي خەۋپ، دەيمىز.

مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ مۇھىم بىر ئەكسىيەتچىل پروگراممىسى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، مىللىي ئۆچمەنلىك، مىللىي قارىمۇ - قارشىلىقنى تەرغىب قىلىپ، باشقا مىللەتلەرگە، بولۇپمۇ خەنزۇلارغا ئۆچمەنلىك قىلىش، خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت. بۇ ناھايىتى ئەكسىيەتچىلىك. ئۇلار ئازاتلىقتىن بۇيان شىنجاڭدا قولغا كەلتۈرۈلگەن غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئۆچتىن كۆز يۇمدى، ھەر قايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا ئاللىبۇرۇن ئورنىتىلغان باراۋەر، ئىتتىپاق، ئۆزئارا ياردەملىشىدىغان سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە كۆز يۇمۇپ، قانداقتۇ مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا باراۋەرسىزلىك مەۋجۇت دەۋېلىپ، خەنزۇلارغا ئۆچمەنلىك قىلىش، قارشى

تۇرۇش كەيپىياتىنى قوزغىتىپ، مىللىي قارىمۇ - قارشىلىقنى پەيدا قىلدى. ئۇلارنىڭ مەقسىتى ناھايىتى ئېنىق بولۇپ، ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»نى قۇرۇپ، شىنجاڭنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىدىن ئايرىپ چىقىپ، كونا ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە جاھانگىرلىكنىڭ مۇستەملىكىسى بولۇش يولىغا مېڭىشتىن ئىبارەت.

ئۇلار نېمە ئۈچۈن باشقا مىللەتكە قارشى تۇرمايدۇ؟ نېمە ئۈچۈن خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇپ، خەنزۇلارنى چەتكە قاقىدۇ؟ پەقەت ھەر مىللەت خەلقىنىڭ دۈشمىنى — مىللىي بۆلگۈنچىلەرلا مۇشۇنداق شۇملۇقلارنى قىلالايدۇ. يولداش ۋاڭ ئېنماۋ ئاپتونوم رايونلۇق 6 - نۆۋەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ 10 - سانلىق دائىمىي ھەيئەتلەر (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىدا قىلغان سۆزىدە بۇ مەسىلىنى ۋاھىغا يەتكۈزۈپ تەھلىل قىلدى. ئۇ مۇنداق دېدى: ئەگەر خەنزۇلار ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغان، ئەزگەن ۋە بوزەك قىلغان بولسا، ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇش كېرەك، لېكىن خەنزۇلار ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلمىدى، ئەزمىدى، بوزەك قىلمىدى، بەلكى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، سوتسىيالىستىك شىنجاڭنى بىرلىكتە گۈللەندۈردى ۋە قوغدىدى، شۇنداق تۇرۇپ ئۇلار يەنە نېمە ئۈچۈن خەنزۇلارغا قارشى تۇرىدۇ؟ تەجرىبىلەر تەكرار ئىسپاتلىدىكى، ھەر مىللەت خەلقى بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، ئۆز ئارا ياردەم بەرسىلا، مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيىتى ئاندىن راۋاجلىنىدۇ، خەلقنىڭ تۇرمۇشى ئاندىن ياخشىلىنىدۇ، بولمىسا ئۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ھەر قانداق بىر مىللەت ئۆزىنى يېتىم قالدۇرماسلىقى كېرەك، ئۆزىنى يېتىم قالدۇرغان مىللەت تەرەققىي قىلالمايدۇ، ئەگەر خەنزۇلار ئۆزىنى يېتىم قالدۇرسا، تەرەققىي قىلالمايدۇ، ئەگەر ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۆزىنى يېتىم قالدۇرسا، تېخىمۇ تەرەققىي قىلالمايدۇ. ھەرقايسى مىللەتلەر ئۆز ئارا ئىتتىپاقلىشىپ، ئۆز ئارا ياردەم بەرسە، ئاندىن تەرەققىي قىلالايدۇ. ئازادلىقتىن كېيىنكى 40 يىلدىن بۇيان شىنجاڭدا قولغا كەلتۈرۈلگەن سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلىرى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۆز ئارا ئىتتىپاقلىشىپ، ئۆز ئارا قوللاپ، بىرلىكتە تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكىنىڭ نەتىجىسى. خەنزۇلار ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئايرىلالمايدۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەر خەنزۇلاردىن ئايرىلالمايدۇ، ھەر مىللەت خەلقى بىر - بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ، ئەڭ كىچىك مىللەتمۇ ئايرىلالمايدۇ، بۇ ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتىغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ئومۇملۇق. مىللىي بۆلگۈنچىلەر خەنزۇلارنى شىنجاڭلىق دەپ ھېسابلىمايدۇ. بۇ، ناھايىتى ئەكسىيەتچىل، ناھايىتى بىمەنە ئىش. شىنجاڭ ئەزەلدىن ۋەتىنىمىزنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى. شۇنداقلا خەنزۇلارمۇ ئەزەلدىن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بىر قىسمى. شىنجاڭ ئەزەلدىن خەنزۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر مىللەت خەلقىنىڭ شىنجاڭى، شۇنداق تۇرۇپ خەنزۇلارنى قانداقمۇ چەتكە قاققىلى بولىدۇ. ئەگەر بىر مىللەت باشقا مىللەتكە قارشى تۇرسا، بۇ مىللەت ئۈمىد كۆتكىلى بولمايدىغان مىللەت، تەرەققىيات ئىستىقبالى يوق مىللەت بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بۇ مىللەت ئۆزىنى ئۆزى يوقىتىدۇ. شۇڭا، بىز مىللىي ئۆچمەنلىك، مىللىي قارىمۇ - قارشىلىقنى قوزغىتىپ، خەنزۇلارغا ئۆچمەنلىك قىلىپ، خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە قارشى قەتئىي كۆرەش قىلىشىمىز كېرەك.

(بېشى 29 ـ بەتتە)

ئاساسىي خەۋپ دەپ كۆرسىتىپ، خەلقنى مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىگە قارشى ئۇزاق مۇددەت كۆرەش قىلىشقا ئاگاھلاندۇردى. جامائەت پىكرى ۋە سىياسىي كەيپىيات ئىلگىرىكىگە قارىغاندا زور دەرىجىدە ئوخشىمايدۇ، ئاممىۋى خاراكتېرلىك مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە قارشى تۇرۇش ۋەزىيىتى شەكىللەندى. ئاممىنىڭ ئېڭى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، ئىنتايىن ئاز ساندىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەر تېخىمۇ يېتىم قالدى. بىز چوقۇم مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا چىڭ تۇرۇپ، مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە قارشى تۇرۇش تەربىيىسىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ئېلىپ بېرىشىمىز، مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە قارشى كۆرەشنى ئاخىرغىچە ئېلىپ بېرىشىمىز لازىم.

# مللەتلەر ئىتتىپاقلقىدا چىڭ تۇرۇپ، مللىي بۆلگۈنچلىككە قارشى تۇرايلى

جياۋ يۈڭبەي

بۆلگۈنچلىك — شنجاڭدىكى ئاساسىي خەۋپ، بۆلگۈنچلىك قىلش قەدىمدىن هازىرغىچە شنجاڭدىكى هەر مللەت خەلقىنىڭ ئارزۇسىغا خىلاپ بولۇپ، خەلق رايىغا ياقمايدۇ، ئۇ چوقۇم مەغلۇپ بولىدۇ. بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭنىڭ ئىزدىن تىنچىتىلغانلىقى بۇنىڭ ئىنىق بىر پاكتى.

شنجاڭ ئەزەلدىن جۇڭگونىڭ بىر قىسمى، بۇ يەردە ئەۋلادتىن - ئەۋلادقىچە ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇ، قازاق، موڭغۇل، قىرغىز قاتارلىق ئون نەچچە مللەت ئولتۇراقلىشىپ كەلگەن.

ئۇلار شنجاڭنى گۈللەندۈرۈش ۋە ئېچىشتىن ئىبارەت ئورتاق كۆرەشتە ئېگىشلىك تۆهپە قوشقان هەمدە چوڭقۇر هېسسىيات ئورناتقان. ئەكسىيەتچىلەر هۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە، مللىي كەمسىتىش ۋە مللىي زۇلۇم يولغا قويۇلغانلىقتىن بۇ خىل هېسسىيات بۇزغۇنچلىققا ئۇچراپ، مللەتلەر ئوتتۇرىسىدا بولۇشقا تېگىشلىك بولمىغان ئارازلىق پەيدا بولغان بولسىمۇ، لېكىن مللەتلەر ئارىسىدىكى دوستلۇق مېهرى ئۈزۈلمەي كەلگەن ئىدى.

ئازادلىقتىن كېيىن، مللىي كەمسىتىش ۋە مللىي زۇلۇمنىڭ سەۋەبى ئاساسىي يوقىتىلدى، مللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتى يولغا قويۇلدى، هەر مللەت خەلقى سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش قاتارلىق هەر قايسى ساهەلەردە هەقىقىي تەڭ باراۋەر بولۇپ، دۆلەتنىڭ خوجايىنى بولدى. هەر قايسى مللەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتى ئېخىمۇ ئىناق، دوستلۇق ئالاقىسى ئېخىمۇ قويۇقلاشتى، شنجاڭ تارىخىدا هېچقاچان كۆرۈلمىگەن مللەتلەر ئىتتىپاقلىقى چوڭ ياخشى ۋەزىيىتى شەكىللەندى. لېكىن، يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، خەلقئارادىكى چوڭ كلىماتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار ئۆزئارا تىل بىرىكتۈرۈپ، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ هەرىكەت قىلىپ، پىتنە - ئىغۋا تارقىتىپ، مللىي قارىمۇ قارشىلىق، مللىي ئۆچمەنلىكنى قوزغىتىپ، دىندىن پايدىلىنىپ غەيرىي دىندىكىلەرگە، دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان هەر مللەت خەلقىگە قارشى تۇردى، بولۇپمۇ ئۇلار ئەسەبىيلىشىپ خەنزۇلارغا ئۆچمەنلىك قىلدى ۋە ئۇلارنى چەتكە قاقتى. ئۇلار قانداقتۇ خەنزۇلار شنجاڭدىكى ئاز سانلىق مللەتلەرنىڭ تەبىئىي بايلىقىنى ئىگىلىۋالدى - بەي، ئاز سانلىق مللەتلەرنىڭ رىسقىغا تويپا چاچتى - بەي دەپ بىلجىرلىدى. بۇ قېتىم بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭدا ئوچۇقتىن - ئوچۇق «كاپىرلارنى يوقىتايلى» دەپ جار سېلىپ، قوراللىق ساقچىلارغا ۋە جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر - ساقچىلىرىغا ۋەهشىلەرچە زىيانكەشلىك قىلدى، ئۇلارنىڭ ئەكسىيەتچىل خورىكى ئىنتايىن ئۆسۈپ كېتىپ، بۆلگۈنچىلەرنىڭ خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇش، خەنزۇلارنى چەتكە قېقىش جىنايى مەقسىتىنى تولۇق ئاشكارىلىدى، ئۇلارنىڭ كومپارتىيىنىڭ رەهبەرلىكىنى ۋە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى ئاغدۇرۇش، ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمهۇرىيىتى قۇرۇش»قا ئورۇنىشى پۈتۈنلەي بىمەنە خام خىيال!

خەنزۇلار دۆلىتىمىزدە ئاساسىي مللەت بولۇش سۈپىتى بىلەن بىرلىككە كەلگەن كۆپ مللەتلىك دۆلىتىمىزنى بەرپا قىلىشتا يېتەكچىلىك رول ئوينىدى. ئوخشاشلا، ئۆزاقتىن بۇيان شنجاڭدا ئولتۇراقلىشىپ كېلىۋاتقان خەنزۇ، ئۇيغۇر، قازاق، خۇيزۇ، موڭغۇل، قىرغىز قاتارلىق مللەتلەرمۇ بىرلىككە كەلگەن

كۆپ مىللەتلىك دۆلىتىمىزنى بەرپا قىلىشتا، ئۇلۇغ تۆھپىلەرنى قوشتى، ئۇلارمۇ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئەزاسى بولۇش ۋە تارىخىي خوجايىنى بولۇش سىياسىي ئورنىدىن بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك. بىرلىككە كەلتۈرۈش ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئارزۇسىغا ئۇيغۇن، تارىخ تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن، بۆلگۈنچىلىك ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە زىيانلىق، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا زىيانلىق، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىغا، ئىقتىساد، مەدەنىيەت قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا زىيانلىق، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە زىيانلىق. بۇ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۇزاق تارىخىي كۆرەشتە چىقارغان ئورتاق يەكۈنى، مەيلى تارىختا ياكى رېئاللىقتا بولسۇن، بۇ تەۋرەنمەس ھەقىقەت. شۇڭا، خەنزۇلارغا ئۆچمەنلىك قىلىش، خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇش ئۇچىغا چىققان بىمەنىلىك ۋە ئەكسىيەتچىلىك.

سىنىپ مىللەت ئايرىمايدۇ، پرولېتارىيات پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى ئازاد قىلغاندىلا، ئاخىرقى ھېسابتا، ئۆزىنى ئازاد قىلالايدۇ. پرولېتارىياتنىڭ سىنىپىي مەنپەئەتى بىردەك بولىدۇ. ماركس، ئېنگېلس «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتابنامىسى»دە مۇنداق دەيدۇ: «ھەر قايسى مەملىكەت پرولېتارىياتلىرىنىڭ كۆرەشلىرىدە كوممۇنىستلار پۈتۈن پرولېتارىياتنىڭ مىللەت ئايرىمايدىغان ئورتاق مەنپەئەتىنى تەكىتلەيدۇ ۋە ئۇنىڭدا چىڭ تۇرىدۇ.» شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن كېيىن، بەرلىك ئاز سانلىق مىللەت قېرىنداشلارنى نامراتلىقتىن، قالاقلىقتىن قۇتقۇزۇشقا ياردەم بېرىشنى ئۆز بۇرچى قىلغان زور بىر تۈركۈم كوممۇنىستلار ۋە شىنجاڭغا كىرگەن خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ بارلىق قوماندان - جەڭچىلىرى كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەكنى تېجەپ، قاقاس چۆل - جەزىرىدە شىنجاڭنى زامانىۋىلاشتۇرۇش سانائىتىنى بەرپا قىلىشقا تۇتۇش قىلدى. 50 — 60 - يىللاردا تۈركۈملىگەن مۇنەۋۋەر پەن - تېخنىكا خادىملىرى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر قايسى ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار، چېگرا رايونغا ياردەم بېرىدىغان زور تۈركۈمدىكى ياش - ئوتتۇرا ياشلىقلار ۋەتىنىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن شىنجاڭغا كېلىپ، تولۇپ - تاشقان قىزغىنلىق بىلەن شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىپ، ياشلىق باھارىنى ۋە ئەقىل - پاراسىتىنى بۇ مۇنبەت تۇپراققا بەخش ئەتتى. نەچچە ئون يىلدىن بۇيان، ئۇلار شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ كۆرەش قىلىپ، شىنجاڭنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى يوقلۇقتىن بارلىققا، كىچىكلىكتىن چوڭلۇققا راۋاجلاندۇردى. 1949 - يىلى شىنجاڭنىڭ سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 80 مىليون 180 مىڭ يۈەن ئىدى. 1989 - يىلغا كەلگەندە 11 مىليارد 800 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1949 - يىلغا قارىغاندا 147 ھەسسە ئاشتى. 1949 - يىلى پۈتۈن شىنجاڭدا قول ھۈنەرۋەنچىلىك خاراكتېرىدىكى ئۇششاق زاۋۇتتىن ئون نەچچىسىلا بار ئىدى. خەلق تۇرمۇشىغا ئېھتىياجلىق بولغان بۇيۇملار ۋە ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ تەمىنلىشىگە ۋە چەت ئەلدىن كىرگۈزۈشكە تايىنىپ ھەل قىلىناتتى. ھازىر پولات - تۆمۈر، كۆمۈر، نېفىت، ئېلېكتر ئېنېرگىيە، ماشىنىسازلىق، رەڭلىك مېتال، خىمىيە سانائەت، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، توقۇمىچىلىق، ئاشلىق، قەغەزچىلىك، خۇرۇمچىلىق، يېمەك - ئىچمەك، تاماكا قاتارلىق تۈرلىرى بىر قەدەر تولۇق بولغان سانائەت سىستېمىسى شەكىللەندى. ئازادلىقتىن ئىلگىرى شىنجاڭدا پولات - تۆمۈر سانائىتى يوق ئىدى، بىرەر جىڭ تۆمۈرنىمۇ ئۆزى ئىشلەپچىقىرالمايتتى، 1988 - يىلى چويۈن مەھسۇلاتى 345 مىڭ 300 توننىغا، پولات 273 مىڭ 300 توننىغا، پولات ماتېرىياللىرى 212 مىڭ 600 توننىغا يەتتى. ئازادلىقتىن ئىلگىرى شىنجاڭدا پەقەت مايتاغدىلا نېفىتلىك بار ئىدى، نېفىت قۇدۇقى ئىككى بولۇپ، 30 - يىللاردىن باشلاپ 1949 - يىلغىچە

جەمئىي 11 مىڭ 700 توننا خام نېفىت ئىشلەپچىقىرىلغان ئىدى، 1989 ـ يىلى خام نېفىت مەھسۇلاتى 6 مىليون 500 مىڭ تونىنىغا يېتىپ، ئازادلىقتىن ئىلگىرىكىگە قارىغاندا 560 نەچچە ھەسسە ئاشتى. ئازادلىقتىن ئىلگىرى شىنجاڭدا تۆمۈريول يوق ئىدى، ھازىر تۆمۈريول لىنىيىسى 1580 كىلومېتىرغا يەتتى. 1949 ـ يىلى شىنجاڭدا بىرلا ئالىي مەكتەپ بار ئىدى، 1989 ـ يىلى 20 گە يەتتى، بۇ ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار 31 مىڭ 661 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى 18 مىڭ 40 قا يېتىدۇ، بۇ 1949 ـ يىلىغا قارىغاندا 86 ھەسسە ئاشتى. 1949 ـ يىلى شىنجاڭدا ئارانلا 54 تىببىي داۋالاش ئورگىنى، 348 نەپەر تىببىي تېخنىك خادىملار، 696 كېسەل كارىۋىتى بار ئىدى، 1988 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە كېسەل كارىۋىتى 58 مىڭ 100 گە يېتىپ، 1949 ـ يىلىغا قارىغاندا 83 ھەسسە ئاشتى، تىببىي تېخنىك خادىملار 75 مىڭغا يېتىپ 1949 ـ يىلغا قارىغاندا، 216 ھەسسە ئاشتى، خەلقنىڭ ساغلاملىقى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. شىنجاڭ ئازاد بولغاندا، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى 3000 غا يېتەتتى، 1988 ـ يىلى ھەر دەرىجىلىك ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى 224 مىڭدىن ئېشىپ، ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى يىللىرىغا قارىغاندا، 74.7 ھەسسە ئاشتى. ئازاد بولغان 40 نەچچە يىلدىن بۇيان، مەركەز شىنجاڭغا 27 مىليارد يۈەندىن كۆپرەك مالىيە قوشۇمچە ياردەم پۇلى بەردى. ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سالغان مەبلىغىمۇ 20 مىليارد يۈەندىن ئېشىپ كەتتى. يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، ھەر يىلى 1 مىليارد يۈەندىن كۆپرەك قوشۇمچە ياردەم پۇلى بېرىۋاتىدۇ، ھازىر شىنجاڭنىڭ ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ئىقتىدارى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. يەر ـ جاھاننى زىل ـ زىلىگە كەلتۈرگۈدەك بۇ ئۆزگىرىشلەر ۋە تۈرلۈك زور نەتىجىلەرنىڭ قولغا كەلتۈرۈلۈشى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر قايسى ئاز سانلىق مىللەت خەلقىنىڭ ئىرىشىپ كۈرەش قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى، شۇنداقلا، ئۇنى ھەر قايسى سەپلەردە پىداكارانە كۈرەش قىلىۋاتقان خەنزۇلارنىڭ ياردىمىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. شۇنداق ئىكەن قانداقمۇ «تەبىئىي بايلىقنى ئىگىلىۋالدى»، «رىسقىمىزغا تويا چاچتى» دېگىلى بولسۇن!

يولداش ماۋزېدۇڭ: «مىللىي كۈرەش، تىگى ـ تەكتىدىن ئالغاندا، سىنىپىي كۈرەش مەسىلىسى» دەپ كۆرسەتكەن ئىدى. لېكىن، ئۆتكەن بىرنەچچە يىل ئىچىدە، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش پىكىر ئېقىمىنىڭ تەسىرىدە، سىنىپىي كۈرەش نۇقتىئىنەزەرىنىڭ سۇسلىشىپ كېتىشىگە ئەگىشىپ، بەزىلەر «مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش»نىمۇ تەكىتلەشكە پېتىنالمىدى، بۇنى تەكىتلىگەندە مىللىي يولداشلارنىڭ «كۆڭلىگە كېلىدۇ» دېدى. مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتى شىنجاڭدا ئەزەلدىن توختاپ قالغىنى يوق، ئۇلار يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، چەت ئەللەردىكى دۈشمەن كۈچلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتىنى جىددىيلەشتۈردى. بۇ، پاكىت، بۇنىڭغا تولىمۇ ئېتىبار بىلەن قاراپ، ئۇنى پاش قىلىشىمىز ۋە ئۇنىڭغا قەتئىي زەربە بېرىشىمىز كېرەك. بۇنىڭغا سۈكۈت قىلىش يامانغا يانتاياق بولغانلىق بولىدۇ. «كۆڭلىگە كېلىدۇ» دېيىش كەڭ ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسى بىلەن ئىنتايىن ئاز ساندىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەرنى ئارىلاشتۇرۇۋەتكەنلىك. كەڭ ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسى بۇنى قەتئىي قوللىمايدۇ. ئىلگىرى مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە بايرىقى روشەن ھالدا قارشى تۇرۇشقا جۈرئەت قىلالمىغانلىقتىن، ئەمەلىيەتتە، مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ ئەكسىيەتچىل خورىكى ئۆرلەپ كەتتى. بارىن يېزىسىدىكى ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭ تىنچىتىلغاندىن كېيىن، ۋاڭ ئېنماۋ، سۇڭ خەنلياڭ، تۆمۈر داۋامەت قاتارلىق رەھبىرىي يولداشلار يەنە بىر قېتىم مىللىي بۆلگۈنچىلەر شىنجاڭنىڭ مۇقىم ۋەزىيىتىگە تەھدىت سالىدىغان

(ئاخىرى ٣٦ ـ بەتتە)

# ئۇلار مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىن ئىبارەت چوڭ ئىشنى قانداق تۇتتى

## — شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى بۇرغىلاش شىركىتىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتكەنلىكى توغرىسىدا

نېفىت ئىدارىسى پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى

يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى بۇرغىلاش شىركىتى پارتىيە تەشكىلاتى پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش خىزمىتىدە كۆرۈنەرلىك نەتىجە قازىنىپ، 1987 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالىنىپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى.

شىركەت پارتىيە تەشكىلاتى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى باشتىن ئاخىر دائىملىق چوڭ ئىشلار قاتارىدا تۇتۇپ، «ئۈچنى بىرلەشتۈرۈش»، «ئۈتنى بوشاشتۇرماسلىق»نى ئەمەلگە ئاشۇردى، يەنى كادىر ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بولغان تونۇشىنى ئۆستۈرۈش بىلەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىدىكى ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى بىرلەشتۈرۈش؛ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە مەركەزلىك تەربىيە بىلەن دائىملىق تەربىيىنى بىرلەشتۈرۈش؛ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى توغرىسىدىكى تۈزۈم قۇرۇلۇشى بىلەن مىللىي سىياسەتنى كونكرېت ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى بىرلەشتۈرۈشنى تۇتتى. ئۇلار يەنە، بىرىنچىدىن، ماركسىزم، لېنىنىزملىق مىللەت نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسەت تەربىيىسىنى بوشاشتۇرماي تۇتتى. ھەر يىلى 2- قاراردىن 3 قارارغىچە مىللەت نەزەرىيىسى ۋە مىللىي سىياسەت ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىپ، كادىرلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە ماركسىزمچە مىللەت نۇقتىئىنەزەرى تەربىيىسى ئېلىپ باردى؛ ئىككىنچىدىن، پارتىيە، ئىتتىپاق ئەزالىرىنىڭ نەمۇنىلىك رولىنى بوشاشتۇرماي چىڭ تۇتتى. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى پارتىيە، ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرىنىڭ تەشكىلىي تۇرمۇشىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىشنى، پارتىيىگە، ئىتتىپاققا ئەزا قوبۇل قىلىش، كادىر ئۆستۈرۈش، كادىر ئىشلىتىشتىمۇ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى مۇھىم مەزمۇن قىلىشنى، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى نەمۇنىلىك بىلەن ئىجرا قىلغان-قىلمىغانلىقىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدىغان-قوغدىمىغانلىقىنى، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ پارتىيىۋىلىكىنىڭ كۈچلۈك بولغان - بولمىغانلىقىنى ئۆلچەشنىڭ مۇھىم بەلگىسى قىلىشنى، كادىرلارنىڭ ئىنقىلابىيلىشىشى ۋە كادىرلارنىڭ سىياسىي نەتىجىلىرىنى سىناشنىڭ بىر مۇھىم مەزمۇنى قىلىشنى تەلەپ قىلدى؛ ئۈچىنچى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى پىلانىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى بوشاشتۇرماي چىڭ تۇتۇپ، شىركەت ئورگىنىدىن تارتىپ ئاساسىي قاتلامدىكى ھەر قايسى ئورۇنلارغىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە ئىلغار ئورۇن بولۇشنى قولغا كەلتۈرۈش پىلانى ۋە تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ چىقىشنى تەلەپ قىلدى ھەمدە بۇنى ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تەكشۈرۈش - سىناشنىڭ مەزمۇنىغا كىرگۈزۈپ، ھەر ئايدا بىر قېتىم ئايرىلاپ تەكشۈرۈش، ھەر پەسىلدە بىر قېتىم چوڭ تەكشۈرۈشنى، يېرىم يىلدا بىر قېتىم سېلىشتۇرۇپ باھالاش، بەلگىلەنگەن تەلەپكە يەتمىگەنلەرنىڭ ئىلغارلىققا باھالىنىش لاياقىتىنى ئېلىپ تاشلاشتا چىڭ تۇردى؛ تۆتىنچى، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشنى بوشاشتۇرماي چىڭ تۇتۇپ، ھەر يىلى ئاساسىي قاتلام ئورۇنلارنىڭ پارتىيىنىڭ مىللىي

سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالىنى بىر قېتىم تەكشۈرۈپ، بايقالغان مەسىلىلەرنى تېز ۋاقىتتا ھەل قىلدى. شۇڭا، پۈتۈن شىركەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقى ۋەزىيىتى يىلدىن - يىلغا ياخشى بولۇپ كەلدى.

شىركەت پارتىيە تەشكىلاتى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش، ئىشلىتىش ۋە ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلىرى ئۈچۈن ياخشى ئىش قىلىپ بېرىشكە ئالاھىدە دىققەت قىلىپ، «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈردى. ئۇلار ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىغا سىياسىي جەھەتتىن كۆڭۈل بۆلدى، تېخنىكا جەھەتتىن ياردەم بەردى، تۇرمۇش جەھەتتە كۆيۈندى، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىغا ۋەزىپە تاپشۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئەمەلىيەتتە چېنىقىپ، ئۆسۈپ يېتىلىشى ئۈچۈن شارائىت يارىتىپ بەردى. بولۇپمۇ بەزى نۇقتىلىق تەربىيىلەش ئوبيېكتلىرىغا قايسى تەرەپتە يېتەرسىز بولسا شۇنى ئۆگىنىش ۋە تولۇقلاش پىرىنسىپىنى قوللىنىپ، ئۇلارنىڭ ئىقتىدارىنى ئاشۇردى. ھازىر شىركەت بويىچە 413 نەپەر ئاز سانلىق مىللەت كادىرى بار، بۇلارنىڭ ئالتىسى شىركەت دەرىجىلىك، 37 سى بۆلۈم دەرىجىلىك كادىر. شىركەت ئورگىنىنىڭ كۆپ ساندىكى بۆلۈملىرىگە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى سەپلەنگەن، بىر مۇنچە مۇھىم تارماقلار ۋە ھالقىلىق ئورۇنلاردا ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان يولداشلار رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان. بۇ شىركەتكە قاراشلىق 24 شۆبە شىركەتنىڭ 19 ىدا ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى بار، ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلىرى بار 38 بۇرغىلاش ئەترىتىگە ۋە ئارقا سەپتىكى 23 سېخقا ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى سەپلەنگەن. 365 نەپەر ئاز سانلىق مىللەت كادىرىغا كەسپىي ئۇنۋان بېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي دەرىجىلىك ئۇنۋان ئالغانلار سەككىز كىشى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋان ئالغانلار 37 كىشى، ياردەمچى دەرىجىلىك ئۇنۋان ئالغانلار 95 كىشى، تۆۋەن دەرىجىلىك ئۇنۋان ئالغانلار 225 كىشى. ئۈچ يىلدىن بۇيان ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلەردىن 82 نەپەر كىشى پارتىيىگە قوبۇل قىلىندى. 16 نەپەر ئاز سانلىق مىللەت كادىرى بۆلۈمدىن يۇقىرى دەرىجىلىك خىزمەتكە ئۆستۈرۈلدى، خەلق ۋەكىللىرىنى سايلىغاندىمۇ ئاز سانلىق مىللەت خادىملىرىنىڭ سان ۋە نىسبىتىگە ئېتىبار بېرىلدى.

ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىگە ھۆرمەت قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن تىرىشىپ ئەمەلىي ئىش، ياخشى ئىش قىلىپ بەردى. شىركەتتىكى ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلىرى بار بولغان بۇرغىلاش ئەترەتلىرىنىڭ ھەممىسىدە مۇسۇلمانچە ئاشخانىلار ئېچىلدى؛ تۇرمۇش مۇلازىمەت ئورۇنلىرى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى يېمەكلىك بىلەن تەمىنلىگەندە مۇسۇلمانچە، خەنزۇچە يېمەكلىكلەرنى ئايرىپ، قازان - قومۇچنى مەخسۇس ئىشلىتىش تەلەپ قىلىندى؛ بۇرغىلاش ئەترەتلىرىدىكى تىرىك توخۇ، قويلارنى ئىمكانقەدەر ئاز سانلىق مىللەت يولداشلارنىڭ ئۆزلىرىگە بوغۇزلاتتى؛ ئۆي تەقسىم قىلغاندا، مىللىي ئۆرپ - ئادەتكە دىققەت قىلىپ، ئۇلارنى بىر بىناغا ياكى بىر بۆلەككە ئورۇنلاشتۇردى؛ ھەر يىلى روزى ھېيت، قۇربان ھېيتلاردا ھېيتلىق گۆش ۋە باشقا يېمەكلىكلەر بىلەن تەمىنلەش خىزمىتىنى ئالدىن ئىشلەپ، مەمۇرىي راسخوتتىن قوشۇمچە ياردەم پۇل ئاجرىتىپ، مىللىي ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە ئاختاي باھاسىدا سېتىپ بەردى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ھەر يىلى ھېيت - بايراملاردا، مىللىيلارنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ ھال سوراپ، قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرگە قوشۇمچە ياردەم بەردى، ئىدارە، شەھەرلىك پارتكومنىڭ قوللىشى بىلەن 820 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان 3 كورپۇس مىللىي پائالىيەت ئۆيى سېلىپ، كىتاب - ژۇرنال، ئۈنئالغۇ قاتارلىق ئۈسكۈنىلەرنى قويۇپ، ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ مەدەنىي تۇرمۇشىنى جانلاندۇردى.

ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىي - مائارىپ

(ئاخىرى 52 - بەتتە)

# مەركەزلەشتۈرۈش — دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنىڭ ماھىيىتى

جۇ چېڭرۇڭ

بەزىلەر دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنىڭ ماھىيىتى دېموكراتىيە دەپ قارايدۇ، مېنىڭچە، دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنىڭ ماھىيىتى مەركەزلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت. سەۋەبى:

بىرىنچى، لېنىن ئوتتۇرىغا قويغان دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنىڭ ئەسلى مەنىسىدىن قاراش كېرەك. لېنىن روسىيىنىڭ يېڭى تىپتىكى پرولېتارىيات ئىنقىلابىي پارتىيىسىنى قۇرۇشقا رەھبەرلىك قىلىش جەريانىدا، ئەڭ ئاۋۋال «مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى» پرىنسىپىنى ئوتتۇرىغا قويغان. لېنىن پرولېتارىياتنىڭ كۈچلۈك دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشىدا تەشكىلاتتىن باشقا قورال يوق، دەپ قارىغان. دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى پرىنسىپ بويىچە قۇرۇلغان، يۈكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشكەن، بىرلىككە كەلگەن پارتىيىلا ئىنقىلابقا رەھبەرلىك قىلىپ غەلىبە قازىنىشتىن ئىبارەت ئېغىر يۈكنى زىممىسىگە ئالالايدۇ. دەرۋەقە، لېنىن تەكىتلىگەن مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى دېموكراتىيە ئاساسىدا مەركەزلەشتۈرۈلگەن تۈزۈم، بۇ بيۇروكراتلىق ئاساسىدا مەركەزلەشتۈرۈلگەن تۈزۈمدىن ۋە مۇستەبىت ھاكىم مۇتلەق قىلىقتىن پەرقلىنىدۇ.

ئىككىنچى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىگە بولغان تونۇشىدىن قاراش كېرەك. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى لېنىننىڭ دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى پرىنسىپى بويىچە قۇرۇلغان. 7 - قۇرۇلتايدا ماقۇللانغان پارتىيە نىزامنامىسىدا دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى توغرىسىدا مۇنداق چۈشەندۈرۈلگەن: «پارتىيىنىڭ تەشكىلى ئورگىنى دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى بويىچە قۇرۇلغان. دېموكراتىيە مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى دېموكراتىيە ئاساسىدىكى مەركەزلەشتۈرۈش ۋە مەركەزلەشتۈرۈش رەھبەرلىكىدىكى دېموكراتىيە.» روشەنكى، بۇ يەردە مەركەزلەشتۈرۈش تەكىتلەنگەن. پارتىيىنىڭ 12 - قۇرۇلتىيىدا ماقۇللانغان پارتىيە نىزامنامىسىدا مۇنداق چۈشەندۈرۈلگەن: «پارتىيە — ئۆزىنىڭ پروگراممىسى ۋە نىزامنامىسىگە ئاساسەن، دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى بويىچە تەشكىللەنگەن بىر پۈتۈن گەۋدە. ئۇ يۈكسەك دېموكراتىيە ئاساسىدا يۈكسەك مەركەزلەشتۈرۈشنى يولغا قويىدۇ.» ئەمەلىيەتتە، بۇ يەردە تەكىتلەنگىنى يەنىلا مەركەزلەشتۈرۈش، دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى دېموكراتىيە ئاساسىدىكى مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىدىن ئىبارەت. دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنىڭ تۆت پرىنسىپىنىڭ بىرىنچى ماددىسى بولغان «تۆت بويسۇنۇش» تا ئومۇمىي جەھەتتىن پارتىيىنىڭ ئىچكى تۈزۈمىش تەرتىپى بەلگىلەنگەن، ئۇ دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنىڭ ئەڭ تۈپ مەزمۇنى. «تۆت بويسۇنۇش»نىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىمى يەنىلا پۈتۈن پارتىيە مەركەزگە بويسۇنۇشتىن ئىبارەت.

ئۈچىنچى، مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش — پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ بەرپا قىلىنىشى، تەرەققىي قىلىشى ھەمدە رەھبەرلىك بۇرچىنى زىممىسىگە ئېلىشىدىكى زۆرۈر تەلەپ. ئەمەلىيەتتە، ھەر قانداق تەشكىلاتنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى مەركەزلەشتۈرۈشتىن ئايرىلالمايدۇ، تەشكىلات دېگەن سۆزنىڭ ئۆزىدىنمۇ مەركەزلەشتۈرۈش دېگەن مەنا چىقىدۇ. ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئاۋانگارت تەشكىلاتى بولغان كومپارتىيە مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى بويىچە قۇرۇلغاندىلا، ئاندىن يۈكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشكەن، بىرلىككە كەلگەن رەھبەرلىك يادروسى بولۇپ شەكىللىنىدۇ، پۈتۈن پارتىيىدە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە بىرلىككە كەلگەن ھەرىكەت ھاسىل بولىدۇ، شۇنىڭ

بىلەن، ئۆز سىنىپىغا ۋە كەڭ خەلق ئاممىسىغا رەھبەرلىك قىلىپ، ئاخىر كوممۇنىزمنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت تارىخىي ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالالايدۇ، پرولېتارىيات پارتىيىسىنىڭ باشقا سىنىپلارنىڭ پارتىيىسىدىن تەشكىلىي پرىنسىپ جەھەتتىكى پەرقى مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى يولغا قويغان - قويمىغانلىقىدا ئەمەس، بەلكى قانداق مەركەزلەشتۈرۈشنى يولغا قويغانلىقىدا. پرولېتارىيات پارتىيىسىنىڭ مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى دېموكراتىيە ئاساسىدىكى مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى بولۇپ، باشقا سىنىپلارنىڭ پارتىيىسى ۋە تەشكىلاتلىرىنىڭ بيۇروكراتلىق مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىگە ۋە مۇستەبىتلىككە ئوخشىمايدۇ.

ئۈچىنچى، دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى پرىنسىپىنىڭ رولى ۋە ۋەزىپىسىمۇ ئۇنىڭ ماھىيىتىنىڭ مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى ئىكەنلىكىنى بەلگىلىگەن. دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى پارتىيىنىڭ تەشكىلىي پرىنسىپى ۋە تەشكىلىي تۈزۈمى سۈپىتىدە پارتىيە ئىچىدىكى تەرتىپ ۋە بىرلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىدۇ. پارتىيە — ھەم ئىتتىپاقلاشقان، بىرلىككە كەلگەن، ھەم زىددىيەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان ئورگانىك بىر پۈتۈن گەۋدە. پارتىيە ئىچىدە پارتىيە ئەزالىرى بىلەن پارتىيە تەشكىلاتى، ئاز سانلىق بىلەن كۆپ سانلىق، تۆۋەن دەرىجىلىك بىلەن يۇقىرى دەرىجىلىك، پۈتۈن پارتىيە بىلەن مەركەزدىن ئىبارەت مۇرەككەپ مۇناسىۋەت مەسىلىسى مەۋجۇت، بۇ مۇناسىۋەتلەردە ئۇنداق ياكى بۇنداق زىددىيەتلەردىن خالىي بولۇش ئەمەس. بۇلارنى قانداق بىرلىككە كەلتۈرگىلى بولىدۇ؟ پەقەت دېموكراتىيە ئاساسىدىكى مەركەزلەشتۈرۈش پرىنسىپىنى يولغا قويغاندىلا، پارتىيە ئىچىدە مەركەزلەشكەن، بىرلىككە كەلگەن نورمال تەرتىپنى ساقلىغىلى بولىدۇ. پارتىيە ئىچىدىكى دېموكراتىيە بىلەن دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى پۈتۈنلەي ئوخشاش بىر ئىش ئەمەس؛ بەلكى پارتىيە ئىچىدىكى ھەم بىر - بىرىگە مۇناسىۋەتلىك، ھەم بىر - بىرىدىن پەرق قىلىدىغان ئىككى خىل تۈزۈم. پارتىيە ئىچىدىكى دېموكراتىيە تۈزۈمى — پارتىيىنىڭ سىياسىي تۈزۈمى ۋە سىياسىي پرىنسىپىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭدا پارتىيە ئەزالىرىنىڭ پارتىيە ھوقۇقىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى ئىكەنلىكى، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ پارتىيە ئىچىدە پارتىيە ئىشلىرىنى بەلگىلەش ۋە باشقۇرۇشقا باراۋەر قاتنىشىش ھوقۇقىغا ئىگە ئىكەنلىكى تەكىتلىنىدۇ. دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى پارتىيىنىڭ تەشكىلىي پرىنسىپى ۋە تەشكىلىي تۈزۈمىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭدا پارتىيە ئىچىدە يۈكسەك دېموكراتىيە ئاساسىدىكى يۈكسەك مەركەزلەشتۈرۈشنى يولغا قويۇش ئىپادىلىنىدۇ. پەقەت دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇلغاندىلا، پارتىيە ئاندىن پارتىيە بولۇپ تەشكىللىنەلەيدۇ، پارتىيە ئەزالىرىمۇ ئۆزلىرىنىڭ پارتىيە ئىچىدىكى ئاساسىي گەۋدىلىك ئورنىنى ئىشقا ئاشۇرالايدۇ، ئاساسىي گەۋدىلىك رولىنى جارى قىلدۇرالايدۇ. بۇ دۆلەت تۈزۈمىدىكى دۆلەت تۈزۈلمىسى بىلەن ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسىنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشايدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى تەكىتلەشنىڭ ماھىيىتى مەركەزلەشتۈرۈش بولۇپ، بۇ پارتىيە ئىچىدىكى دېموكراتىيىنى ئىنكار قىلمايدۇ، بەلكى پارتىيە ئىچىدىكى دېموكراتىيىنى تېخىمۇ ياخشى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ.

بەشىنچى، دېموكراتىيە مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنىڭ ماھىيىتى — دېموكراتىيە دېگەننى تەشەببۇس قىلغۇچىلار دۇنيادا مەركەزلەشتۈرۈلمەيدىغان دېموكراتىيە بولمايدۇ، مەركەزلەشتۈرۈش دېموكراتىيىنىڭ تەلىپى، دېموكراتىيىگە بېقىنىدۇ دېگەننى ئاساس قىلىدۇ. بۇ قارىماققا توغرىدەك بولغىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە خاتا. ئەگەر ھەقىقەتەنمۇ مەركەزلەشتۈرۈلمەيدىغان دېموكراتىيە بولمايدىغان بولسا، ئۇ ھالدا ۋېيكىدىن

(ئاخىرى 44 - بەتتە)



# پارتىيەنىڭ ياخشى ئوغلانى، خەلقنىڭ چاكىرى

## — پىيادە ئەسكەرلەر قىسمى 18 - تۈەننىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى يولداش مۇھەممەت ئېلىنىڭ ئىش ئىزلىرى توغرىسىدا

ژۇرنىلىمىزنىڭ ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان مۇخبىرى ۋاڭ چېڭجۈ، ئىختىيارىي مۇخبىرى لى جيې

پىيادە ئەسكەرلەر قىسمى 18 - تۈەننىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى مۇھەممەت ئېلى ھەربىي سەپكە كىرگەندىن بۇيان، خىزمەت ئورنىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن بولۇشىدىن، قانداق خىزمەت ئىشلىگەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەممىدە پارتىيىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا قەتئىي بويسۇنۇپ، تەشكىل تاپشۇرغان ۋەزىپىلەرنى قەتئىي ئورۇنداپ، قىسىم قۇرۇلۇشى، بولۇپمۇ مىللىي لىيەندۈيلەرنىڭ قۇرۇلۇشى، مىللىي كوماندىر - جەڭچىلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ھەمدە قىسىمنىڭ شۇ جايدا تۇرۇشلۇق ئارمىيە بىلەن ھۆكۈمەت، ئارمىيە بىلەن خەلق ئىتتىپاقلىقى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش يولىدا زور ئەجىر سىڭدۈرۈپ، غايەت زور تۆھپە ياراتتى. بۇ يىل 4 - ئايدا، ئاقسۇ ناھىيىسى بارىن يېزىدىكى ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭنى تىنجىتىشتا مەيدانى مۇستەھكەم بولدى، يۈكىنىڭ ئېغىرىنى زىممىسىگە ئالدى، قوغلاپ يوقىتىش شۆبە كىچىك ئەترىتىنىڭ باش قوماندانلىقىنى ئۈستىگە ئېلىپ، ئىككى قېتىملىق پىتىراپ قاچقان توپىلاڭچىلارنى قورشاپ يوقىتىش جېڭىنى تەشكىللەپ، يۇقىرىنىڭ «ھەممىنى يوقىتىش، بىرمۇ ئادەمنى توردىن چۈشۈرۈپ قويماسلىق» تىن ئىبارەت تۇرۇش قىلىش مۇددىئاسىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، بارىن يېزىسىدىكى ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭنى تېز تىنجىتىش يولىدا كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشتى.

### 1. سەممىيەتلىك بىلەن ئىشلىگەن 24 يىل

مۇھەممەت ئېلى ھەربىي سەپكە كىرگەن 24 يىلدىن بۇيان، تۆت قېتىم «بەشتە ياخشى جەڭچى» بولدى، 13 قېتىم ھەر دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى، بىر قېتىم 3 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى. ئۇ ئاساسىي قاتلامنى قىزغىن سۆيۈپ، ئاساسىي قاتلامدا خاتىرجەم ئىشلەپ، ئاساسىي قاتلامدا تۆھپە يارىتىپ، شەخسىي پايدا - زىيىنى بىلەن ھېسابلاشمىدى. ئۇ 6 - لىيەننىڭ لىيەنجاڭلىقىنى ئۆتىگەن 5 يىل ئىچىدە، بۇ لىيەندۈي ئايرىم - ئايرىم ھالدا شى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى ۋە ئۈرۈمچى ھەربىي رايونى بويىچە «قاتتىق سۆڭەك 6 - لىيەندىن ئۆگىنىشتە ئىلغار لىيەندۈي» بولۇپ باھالاندى. 1972 - يىلى 10 - ئايدا شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ شىزاڭنىڭ ئالىي رايون چېگرا مۇداپىئەسىنى تەكشۈرۈش ۋە خىزمەتكە يېتەكچىلىك قىلىش گۇرۇپپىسى دۇ ماجى داۋىنىغا يېتىپ بارغاندا، قاتتىق شىۋىرغان چىقىپ، يوللارنى قار قاپلاپ كېتىپ، يولدىن ئادىشىپ قالدى. شۇ چاغدا شىزاڭنىڭ ئالىي رايونىدا مۇداپىئە ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان مۇئاۋىن لىيەنجاڭ مۇھەممەت ئېلى يۇقىرىنىڭ «دۇماجى داۋىنىدا قامىلىپ قالغان ھەربىي رايون خىزمەت گۇرۇپپىسىنى تېز قۇتقۇزۇش» توغرىسىدىكى بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ، شۇ ئان بىرپەي

جەڭچىنى باشلاپ، جەددىي قۇتقۇزۇش ماتېرىياللىرىنى ئېلىپ يولغا چىقىپ، ئالىي رايونىدىن دۆ ماجىي داۋىنىغىچە بولغان دېڭىز يۈزىدىن 4700 مېتىردىن ئېگىزلىكتىكى 160 نەچچە كىلومېتىر تاغ يولىنى بېسىپ، ئېغىر دەرىجىدىكى ئېگىز تاغ رىناكسىيىگە بەرداشلىق بېرىپ، داۋاندا بىر كېچە - كۈندۈز قامىلىپ قالغان 45 كىشىلىك خىزمەت گۇرۇپپىسىنى شىر بۇلاقىغا بىخەتەر يەتكۈزگەن، لېكىن، مۇھەممەت ئېلى ۋە بەزى جەڭچىلەر ئېگىز تاغنىڭ رىناكسىيىسى ۋە ھېرىش - چارچاش تۈپەيلىدىن ھوشىدىن كەتكەن ... شۇ ئىشتىن كېيىن، شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ ئۇلارنى تەقدىرلىگەن. 1979 - يىلى يۇقىرىدىن مىللىي 6 - لىيەننى تولۇق تەلىم - تەربىيە ئېلىپ بېرىپ، يىل ئاخىرىدا ئۈرۈمچى ھەربىي رايونى بويىچە ئۆتكۈزۈلىدىغان شتاتلىق لىيەندۈيلەرنىڭ ھەربىي، سىياسىي تۈرلەر بويىچە مۇسابىقىسىگە قاتنىشىشنى بەلگىلىدى. لېكىن، لىيەندۈي شۇ چاغدا ئۇدا ئىككى يىل دېھقانچىلىق مەيدانىدا ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان بولغاچقا، كادىر ۋە جەڭچىلەرنىڭ ھەربىي ساپاسى تۆۋەنرەك بولۇپ، بىر يىل تەلىم - تەربىيە ئېلىپ بېرىپ مۇسابىقىدە نەتىجە قازىنىش ئىنتايىن قىيىن ئىدى. لېكىن، ئۇ رەھبەرلىككە بۇ سەۋەبلەردىن قىلچە ئېغىز ئاچمايلا، ۋەزىپىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ، پىلانلىق، تەشكىللىك ھالدا تەلىم - تەربىيىگە جىددىي كىرىشتى. يىل ئاخىرىدا ئۈرۈمچى ھەربىي رايونى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن شتاتلىق لىيەندۈيلەرنىڭ ھەربىي، سىياسىي تەلىم - تەربىيە مۇسابىقىسىدە ئومۇمىي نەتىجە بويىچە 3 - لىككە ۋە ھەربىي ئىشلار مۇسابىقىسىدە 1 - لىككە ئېرىشىپ، يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ ۋە يولداشلارنىڭ بىردەك ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. 1987 - يىلى 7 - ئاينىڭ ئاخىرىدا، قەشقەر ۋىلايىتىدە ئۇدا قاتتىق يامغۇر يېغىپ، قىزىل دەرياسىنىڭ سۈيى شىددەت بىلەن ئۇلغىيىپ، شىبكەر كۆل سۇ ئامبىرىغا، دەريانىڭ تۆۋەنكى ئېقىمىدىكى ئىككى ناھىيە، بىر تۈەن - مەيداننىڭ بىر مىليون مودىن كۆپرەك ئېتىزىغا ۋە 110 مىڭدىن ئارتۇق ئاممىنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىگە ئېغىر تەھدىت سالدى. قىسىم بۇيرۇقىغا بىنائەن شىبكەر كۆلى سۇ ئامبىرىدىكى كەلكۈنگە قارشى تۇرۇش - ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش جېڭىگە قاتناشتى. بۇ چاغدا، تۈەن قوماندانلىق شتابىنىڭ مۇئاۋىن سەنمۇجاڭلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان مۇھەممەت ئېلى قۇربان ھېيتنىڭ تەييارلىقىنى قىلىۋاتاتتى. ئۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، تەشەببۇسكارلىق بىلەن كەلكۈنگە قارشى كۈرەشكە ئاتلىنىشنى تەلەپ قىلدى. كەلكۈنگە قارشى تۇرۇش — ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش كۈرىشىدە ئۇ ھەم قوماندان، ھەم جەڭچى بولۇپ، قەيەر خەتەرلىك بولسا، شۇ يەردە پەيدا بولدى. توققۇز كۈن ئۇدا جەڭ قىلىش ئارقىلىق، قىسىم ئاخىر كەلكۈنگە قارشى تۇرۇپ، توغان ياساش ۋەزىپىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنداپ، ئاپتونوم رايون، قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم رەھبەرلىرىنىڭ ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ يۈكسەك باھاسىغا ۋە ماختىشىغا ئېرىشتى. يولداش مۇھەممەت ئېلىمۇ شەرەپ بىلەن 3 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى.

## 2. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش يولىدا كۈچ چىقىرىش

مۇھەممەت ئېلى ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، تىنچ - ئىتتىپاقلىقنى قوغداشنىڭ مۇھىملىقىنى چوڭقۇر چۈشىنەتتى. شۇڭا، 24 يىلدىن بۇيان، كۆپ قېتىم يۈز بەرگەن مىللىي ماجىرا، مىللىي بۆلگۈنچىلەر قوزغىغان توپىلاڭ قاتارلىق زور ۋەقەلەردە، ئۇ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەنپەئىتىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىپ، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى قەتئىي ئىجرا قىلىپ، يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇپ، بىر كومپارتىيە ئەزاسىنىڭ سىياسىي مەيدانىنى ئىپادىلىگەن. 1969 - يىلى مەكىت ناھىيىسىدە ئىنتايىن ئاز ساندىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەر قوراللىق توپىلاڭ قوزغىغاندا، بەنجاڭلىقنى ئۈستىگە ئالغان مۇھەممەت ئېلى تۇرۇشلۇق

قىسىم ناھىيىدىن 70 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى دېھقانچىلىق مەيدانىدا ئىدى. ئۇ بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئىككى قېتىم ئىلتىماس يېزىپ، توپىلاڭنى تىنچىتىش كۈرىشىگە قاتنىشىشنى تەلەپ قىلىپ، توپىلاڭچىلارغا بولغان قاتتىق غەزىپىنى ئىپادىلىگەن. 1980 - يىلى 8 - ئايدا، ئۇلار تۇرۇشلۇق يېڭىشەھەر ناھىيىسىدە «گاۋشۈي ۋەقەسى» يۈز بېرىپ، مىللىي توقۇنۇش پەيدا بولدى. ئۇچاغدا 6 - لېيەننىڭ لېيەنجاڭلىقىنى ئۈستىگە ئالغان مۇھەممەت ئىبلى تۆۋەندە چوڭ خەنزۇچىلىققا قارشى تۇرۇش تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشنى ئورۇنلاشتۇرغان ئەھۋال ئاستىدا، جەمئىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇش ۋە مىللىي كوماندىر - جەڭچىلەرنىڭ سىياسىي ئېڭىنى ئۆستۈرۈش ئېھتىياجىغا ئاساسەن، لېيەندۈيدە يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش تەربىيىسىنى چوڭقۇر ئېلىپ بېرىپ، 6 - لېيەندىكى كوماندىر- جەڭچىلەرنىڭ ئىدىيىسىنى مۇقىملاشتۇرغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ يەنە سىياسىي يېتەكچى بىلەن بىللە، سەككىز تەشۋىقات گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، بەزى ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سالغۇچىلارنىڭ تىل - ئاھانىتىگە پىسەنت قىلماي، ئومۇمىي ۋەزىيەتنى قوغداشنى ئاساس قىلىپ، يېقىن ئەتراپتىكى يېزا - مەھەللىلەرگە بېرىپ، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىپ، قايىل قىلىش - تەربىيە بېرىش خىزمىتى ئىشلەپ، قۇترىتىشنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بىر مۇنچە ئاممىغا ئىدىيىۋى خىزمەت ئىشلەپ، ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىدە بۇرۇلۇش ھاسىل قىلغان. 1981 - يىل 5 - ئايدا، پەيزاۋات ناھىيىسىدە ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ يۈز بەردى؛ 10 - ئاينىڭ 30 - كۈنى قەشقەردە ئىنتايىن ئاز ساندىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەر مىللىيلارنى قۇترىتىپ، خەنزۇلارغا قورشاپ ھۇجۇم قىلىش ۋە ئۇلارنى ئۇرۇشتەك ماجرا پەيدا قىلدى. شۇ چاغدا مۇئاۋىن يىڭجاڭلىقنى ئۈستىگە ئالغان مۇھەممەت ئىبلى ئۈرۈمچى قۇرۇقلۇق ئارمىيە مەكتىپى مىللىي كادىرلارنى يېتىشتۈرۈش كۇرسىدا ئوقۇۋاتاتتى. بۇ چاغدا ئۇ پىتنە - ئىغۋاغا ئىشەنمىدى، پىتنە - ئىغۋا تارقاتمىدى، مىللىي ئوقۇغۇچىلارغا ئىدىيىۋى خىزمەت ئىشلىدى ھەمدە مىللىي 6 - لېيەندىكى كوماندىر - جەڭچىلەرگە خەت يېزىپ، ئۇلارغا توپىلاڭغا قارشى تۇرۇش، تىنچ- ئىتتىپاق بولغان سىياسىي ۋەزىيەتنى قوغداش ھەققىدە تەربىيە بەردى. 1989 - يىلى بېيجىڭدا مالىمانچىلىق ۋە ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ يۈز بەرگەندە، شىنجاڭدا ئىنتايىن ئاز ساندىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، غەرەزلىك ھالدا «19 - ماي» سىياسىي مالىمانچىلىق ۋەقەسىنى پەيدا قىلدى. مۇھەممەت ئىبلى دەرھال ئۆەن بويىچە مىللىي كادىرلار يىغىنى ئېچىپ، يۇقىرىنىڭ تەلىپىنى يەتكۈزۈپ، كادىرلارنىڭ ئىدىيىسىنى بىرلىككە كەلتۈردى ھەمدە ئۈچ تەشۋىقات گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، ئۆزى ۋە ئۈچ نەپەر مۇئاۋىن يىڭجاڭنىڭ باشلامچىلىقىدا، يەرلىكتىكى ئىدىيىسى بىر قەدەر جانلىنىپ كەتكەن، بىر قەدەر چوڭراق تەسىرگە ئۇچرىغان يەتتە ئورۇنغا بېرىپ، «26 - ئاپرېل» باش ماقالىسىنى ۋە يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ مۇناسىۋەتلىك سۆزلىرىنى كەڭ تەشۋىق قىلىپ، «19 - ماي» ۋەقەسىنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىنى تېزدىن توسۇشتا ئاكتىپ، ئۈنۈملۈك رول ئوينىدى.

---

(بېشى 51 - بەتتە)

ئىنسانىيەتنىڭ بۇ ئورتاق دۈشمىنى، يېنىكرەك بولغاندا، ئادەمنى گاراڭ قىلىپ قويىدۇ، زېھنىي كۈچى، ئەستە ساقلاش قابىلىيىتى، كۆرۈش قابىلىيىتىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ؛ ئېغىرراق بولغاندا، ئادەم بەدىنىدىكى قان نوكچىسىنىڭ بەك بالدۇر پەيدا بولۇشىنى تېزلىتىپ، بالدۇر قېرىتىۋېتىدۇ، ھەتتا يۈرەك سانجىقى، يۈرەك كېسىلى، مېڭە قان نوكچىسى، يۈرەك مۇسكۇل نىقلىمىسى، ئاشقازان كېسىلى، قان بېسىمى ئۆرلەش قاتارلىق كېسەللىكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئادەم بەدىنىدىكى ئىممۇنىتېت پائالىيىتىنى مۇناسىپ ھالدا ئاجىزلىتىۋېتىدۇ ھەتتا تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ، تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا، ئادەتتە بەدەنگە ئاسان كىرەلمەيدىغان ۋىرۇسلار توسالغۇسىز ھالدا كىرەلەيدىغان بولىدۇ. شۇڭا، سالامەتلىكىڭىزنى ئاسراش ئۈچۈن، 1990 - يىلى كۈزگە ئازراق قاقلىنىڭ.

(«ياشانغانلار ھەپتىلىك گېزىتى» دىن)

# پارتىيە ئەزاسىغا بېرىلىدىغان ئىنتىزام جازاسى توغرىسىدا سوئال ـ جاۋابلار

## 1. پارتىيە ئەزالىرى جىنايەت ئۆتكۈزسە، ئۇلارنى ئالدى بىلەن پارتىيىدىن چىقىرىپ، ئاندىن قولغا ئېلىپ، ئەيىبلاپ، سوتلاش كېرەكمۇ؟

1979 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان «ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنى، جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنىنىڭ ھەقىقىي يولغا قويۇلۇشىغا قەتئىي كاپالەتلىك قىلىش توغرىسىدىكى يوليورۇقى» دا مۇنداق كۆرسىتىلدى: كومپارتىيە ئەزالىرى، ئىنقىلابىي كادىرلار قانۇنغا ئەمەل قىلىش، قانۇننى ئىجرا قىلىش جەھەتتە نەمۇنىلىك، باشلامچىلىق رول ئوينىشى كېرەك؛ قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر؛ تەپتىش مەھكىمىسى تەپتىش ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە مۇستەقىل يۈرگۈزىدۇ؛ سوت مەھكىمىسى سوت قىلىش ھوقۇقىنى مۇستەقىل يۈرگۈزىدۇ، پەقەت قانۇنغىلا بويسۇنىدۇ؛ قانۇندىن ئۈستۈن تۇرىدىغان پەۋقۇلئاددە ئىمتىيازنىڭ بولۇشىغا قەتئىي يول قويۇلمايدۇ.

بۇ روھقا ئاساسلانغاندا، كومپارتىيە ئەزالىرى جىنايى ئىشلار قانۇنىغا خىلاپلىق قىلغاچقا، ئۇلارنى قولغا ئېلىشقا، ئەيىبلەشكە، سوتلاشقا توغرا كەلسە، ئەدلىيە ئورگانلىرى قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە ئىش كۆرۈشكە ھوقۇقلۇق، پارتىيە ئىچىدە جازالىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىشنى كۈتمىسىمۇ بولىدۇ.

كومپارتىيە ئەزالىرى جىنايى ئىشلار قانۇنىغا خىلاپلىق قىلغاندا، ئۇلارنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈش پاكىتلىرى تەكشۈرۈپ ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەن بولسا، ئالدى بىلەن پارتىيە ئىنتىزامى جازاسى بېرىپ، ئاندىن ج خ تارماقلىرى، تەپتىش ئورگانلىرى قولغا ئالسا، ئەيىبلىسە بولىدۇ؛ ئاۋۋال خەلق سوت مەھكىمىلىرى ھۆكۈم چىقىرىپ، ئاندىن پارتىيە ئىنتىزامى جازاسى بېرىلسىمۇ بولىدۇ. بۇنى ئەنزىنىڭ خاراكتېرى ۋە ئۇنى قاچان بىر تەرەپ قىلسا پايدىلىق بولىدىغانلىقىغا قاراپ بەلگىلەش كېرەك. بىر تەرەپ قىلىش ۋاقتىدا، پارتىيىنىڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئورگانلىرى جازالاش توغرىسىدىكى قارارنىڭ ۋاقتىدا توغرا چىقىرىلىشى ئۈچۈن، مۇناسىۋەتلىك ئەدلىيە ئورگانلىرى بىلەن زىچ ئالاقە باغلاپ، ئۆز ئارا خەۋەرلىشىپ تۇرۇشى كېرەك.

## 2. پارتىيە ئىنتىزامىغا خىلاپلىق قىلىش دېگەن نېمە؟ ئىنتىزامىغا خىلاپلىق قىلغانلارنىڭ ھەممىسى سۈرۈشتە قىلىنامدۇ؟

پارتىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلىرى ۋە كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئومۇمەن پارتىيە نىزامنامىسى، پارتىيىنىڭ سىياسەتلىرى، دۆلەتنىڭ قانۇن ـ پەرمانلىرىغا ۋە سوتسىيالىستىك ئەخلاق ئۆلچىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، پارتىيە، دۆلەت ۋە خەلقنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزىدىغانلىكى قىلمىشلىرى پارتىيە ئىنتىزامىغا خىلاپ قىلمىش بولىدۇ. مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەر بويىچە، ئىنتىزام جازاسى بېرىشكە تېگىشلىكلەر چوقۇم سۈرۈشتە قىلىنىشى لازىم.

## 3. ئىنتىزامىغا خىلاپلىق قىلغان پارتىيە ئەزالىرىغا بېرىلىدىغان ئىنتىزام جازاسى قايسىلار

پارتىيە ئەزالىرىغا بېرىلىدىغان ئىنتىزام جازاسى ئاگاھلاندۇرۇش؛ قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش؛ پارتىيە ئىچىدىكى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش ۋە پارتىيە سىرتىدىكى تەشكىلاتلارغا تەكلىپ بېرىپ پارتىيە سىرتىدىكى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇۋېتىش؛ پارتىيىدە قالدۇرۇپ سىناش؛ پارتىيىدىن چىقىرىش قاتارلىق بەش خىل بولىدۇ.

## 4. ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغان پارتىيە تەشكىلاتىغا بېرىلىدىغان جازا قايسىلار؟

پارتىيە ئىنتىزامىغا خىلاپلىق قىلغان پارتىيە تەشكىلاتىغا بېرىلىدىغان جازا ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش، تارقىتىۋېتىشتىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ.

## 5. پارتىيە ئىچىدە ئاگاھلاندۇرۇش، قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىلگەن پارتىيە ئەزالىرى ئەسلىدىكى پارتىيە ئىچى ۋە سىرتىدىكى ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋەرسە بولامدۇ؟

پارتىيە ئىچىدە ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىلگەن پارتىيە ئەزالىرى ئومۇمەن ئەسلىدىكى پارتىيە ئىچى ۋە سىرتىدىكى ۋەزىپىسىنى داۋاملىق ئۆتەۋەرسە بولىدۇ. لېكىن پارتىيە ئىچىدىكى ۋەزىپىسىنى دەرھال ئۆستۈرۈشكە ياكى پارتىيە سىرتىدىكى تەشكىلاتلارغا پارتىيە سىرتىدىكى ۋەزىپىسىنى ئۆستۈرۈش ھەققىدە تەكلىپ بېرىشكە بولمايدۇ.

## 6. «پارتىيە ئىچىدىكى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش ۋە پارتىيە سىرتىدىكى تەشكىلاتلارغا تەكلىپ بېرىپ، پارتىيە سىرتىدىكى ۋەزىپىسىنى ئېلىپ تاشلاش» جازاسىنى قانداق ئىجرا قىلىش كېرەك؟

پارتىيە ئىچىدىكى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش دېگەندە، جازالانغان پارتىيە ئەزالىرىنىڭ پارتىيە ئىچىدىكى سايلام ياكى پارتىيە تەشكىلي ۋەزىپىگە قويۇش ئارقىلىق ئۆستىگە ئالغان پارتىيە تەشكىلاتى ۋە خىزمەت تارماقلىرىدىكى ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك ۋەزىپىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. پارتىيە تەشكىلاتى پارتىيە ئىچىدە ئىككىدىن ئارتۇق رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغانلارغا قارىتا جازالاش ھەققىدە قارار چىقارغاندا، بارلىق ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش ياكى مەلۇم بىر ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاشنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش كېرەك. مەلۇم بىر خىل ۋەزىپىدىن ئېلىپ تاشلاشنى قارار قىلغاندا، چوقۇم ئەڭ يۇقىرى ۋەزىپىسىنى ئېلىپ تاشلاش كېرەك. پارتىيە ئىچىدىكى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش جازاسىغا ئۇچرىغان پارتىيە ئەزالىرىغا جازالىنىشتىن ئىلگىرىكى ۋەزىپىسىدىن تۆۋەن خىزمەت بېرىش كېرەك.

پارتىيە ئىچىدىكى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش ياكى ئۇنىڭدىن يۇقىرىراق جازاغا ئۇچرىغان پارتىيە ئەزالىرىغا ۋە پارتىيە ئىچىدە ۋەزىپە ئۆتەۋەتقان تۇرۇقلۇق قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش جازاسىغا ئۇچرىغان پارتىيە ئەزالىرىغا قارىتا، پارتىيە تەشكىلي پارتىيە سىرتىدىكى تەشكىلگە ئۇلارنىڭ پارتىيە سىرتىدىكى ۋەزىپىسىنى ئېلىپ تاشلىشى ھەققىدە تەكلىپ بېرىش لازىم. پارتىيە سىرتىدىكى ۋەزىپىسىنى ئېلىپ تاشلاشتا، پارتىيە سىرتىدىكى مۇناسىۋەتلىك تەشكىلاتلار مۇناسىۋەتلىك تەرتىپ بويىچە بېجىرسە بولىدۇ.

## 7. پارتىيە ئەزالىرىغا بېرىلىدىغان پارتىيىدە قالدۇرۇپ سىناش جازاسىنى قانداق ئىجرا قىلىش لازىم؟

پارتىيىدە قالدۇرۇپ سىناش جازاسى پارتىيىدە قالدۇرۇپ بىر يىل سىناش، پارتىيىدە قالدۇرۇپ ئىككى يىل سىناش قاتارلىق ئىككى خىل بولىدۇ.

پارتىيىدە قالدۇرۇپ سىناش جازاسى بېرىلگەن پارتىيە ئەزالىرىنىڭ سىناق مۇددىتى توشقاندا، خاتالىقىنى ھەقىقەتەن تۈزەتكەن بولسا، ئۇنىڭ رەسمىي پارتىيە ئەزالىق ھوقۇقى ۋاقتىدا ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈشى كېرەك؛ تۈزەتمەي خاتالىقىدا چىڭ تۇرۇۋالسا، پارتىيىدىن چىقىرىلىشى كېرەك. پارتىيىدە قالدۇرۇپ بىر يىل سىناش جازاسى بېرىلگەن پارتىيە ئەزالىرىنىڭ سىناق مۇددىتىنى يەنە بىر يىل ئۇزارتىشقا بولىدۇ، بۇ مۇددەت توشقاندا

يەنىلا خاتالىقنى تۈزەتمىسە ياكى پارتىيە ئىنتىزامى جازاسى بېرىشكە تېگىشلىك خاتالىقنى يەنە سادىر قىلسا، پارتىيىدىن چىقىرىش كېرەك. پارتىيىدە قالدۇرۇپ سىناش مۇددىتى ئەڭ ئۇزۇن بولغاندا 2 يىلدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك.

## 8. پارتىيە ئىنتىزامىغا خىلاپلىق قىلغان پارتىيە تەشكىلاتىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەشنى قانداق ئىجرا قىلىش كېرەك؟

ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش پارتىيە ئىنتىزامىغا ئېغىر دەرىجىدە خىلاپلىق قىلغان، ئۆزلىرى تۈزىتىپ كېتەلمەيدىغان پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ رەھبەرلىك ئورگىنىغا مۇۋاپىق كېلىدۇ. ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش جازاسى بېرىلگەن پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ رەھبەرلىك ئورگىنىدىكى ئەزالاردىن پارتىيە ئىچىدىكى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاشتىن يۇقىرى جازا بېرىلگەنلەردىن باشقىلىرى ۋەزىپىسىدىن تەبىئىي قالدۇرۇلغان بولىدۇ. يېڭى رەھبەرلىك ئورگان ئەزالىرىنى يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ئايرىم تەيىنلەيدۇ ياكى مۇناسىپ پارتىيە ئەزالىرى چوڭ يىغىنى، پارتىيە ئەزالىرى قۇرۇلتىيىدا سايلىنىدۇ.

## 9. ئىنتىزامىغا خىلاپلىق قىلغان پارتىيە تەشكىلاتىنى تارقىتىۋېتىشنى قانداق ئىجرا قىلىش كېرەك؟

تارقىتىۋېتىش دېگەندە، مەلۇم پارتىيە تەشكىلاتىدىكى بارلىق پارتىيە ئەزالىرى ياكى كۆپ ساندىكى پارتىيە ئەزالىرى پارتىيە ئىنتىزامىغا ئېغىر دەرىجىدە خىلاپلىق قىلغان پارتىيە تەشكىلاتىغا بېرىلگەن پارتىيە ئىنتىزام جازاسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. تارقىتىۋېتىش جازاسى بېرىلگەن پارتىيە تەشكىلاتىدىكى پارتىيە ئەزالىرىنى بىر - بىرلەپ تەكشۈرۈپ، يېڭىباشتىن تىزىملاش كېرەك. كومپارتىيە ئەزاسلىق شەرتىنى يوقاتقانلارنى پارتىيىدىن چىقىرىش كېرەك. كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ شەرتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغانلارنى تىزىمغا ئالماسلىق، ئۇلارنىڭ رويخەتتىن ئۆچۈرۈلگەنلىكىنى جاكارلاش كېرەك. كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ شەرتىگە ئۇيغۇن بولغان، ئەمما خاتالىق ئۆتكۈزگەنلەرگە خاتالىقنىڭ خاراكتېرى ۋە قىلمىشىغا ئاساسەن پارتىيە ئىنتىزامى جازاسى بېرىش كېرەك.

## 10. جازادىن كەچۈرۈم قىلىش بىلەن جازا بەرمەسلىك بىر ئىشمۇ؟

جازادىن كەچۈرۈم قىلىش دېگەندە، پارتىيە ئىنتىزامىغا خىلاپلىق قىلغان پارتىيە ئەزالىرىغا ئەسلى ئىنتىزام جازاسى بېرىشكە تېگىشلىك بولسىمۇ، لېكىن خاتالىقى يېنىكرەك، شۇنداقلا جازانى يېنىكلىتىش، جازادىن كەچۈرۈم قىلىش شەرتى ھازىرلانغان ئەھۋالدا جازانى كەچۈرۈم قىلىش نەزەردە تۇتۇلىدۇ. خاتالىق ئۆتكۈزگەن پارتىيە ئەزالىرىغا جازانى كەچۈرۈم قىلغاندا، يازما يەكۈن ۋە قارار چىقىرىلىشى كېرەك. جازا بەرمەسلىك دېگەندە، ئۆتكۈزگەن خاتالىقى يېنىك بولۇپ، جازالاش شەرتىگە توشماي جازا بېرىلمىگەن ئەھۋال نەزەردە تۇتۇلىدۇ.

## 11. ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىش ۋە ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ تەنقىد قىلىش جازامۇ ـ ئەمەسمۇ؟

ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىش، ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ تەنقىد قىلىش جازا ئەمەس. پارتىيە ئەزالىرى ياكى پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ ئىنتىزامغا خىلاپ قىلمىشى ۋە پارتىيە تەشكىلاتى بەرگەن ئىنتىزام جازاسى تىپىك تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە بولسا، شۇ كىشىنى ۋە كەڭ پارتىيە ئەزالىرىنى تەربىيىلەش ئۈچۈن، مەلۇم دائىرىدە ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىشقا بولىدۇ. ئۆتكۈزگەن خاتالىقى پارتىيە ئىنتىزامى جازاسى بېرىشكە توشمايدىغان پارتىيە ئەزالىرى ياكى پارتىيە تەشكىلاتلىرىغا خاتالىقنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا ئاساسەن، مەلۇم دائىرىدە ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىشقىمۇ بولىدۇ. بۇ خىل ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش تەنقىدىي خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ، پارتىيە ئىنتىزام جازاسى ئەمەس.

## 12. ئۆزلۈكىدىن تاپشۇرۇش دېگەن نېمە؟

ئۆزلۈكىدىن تاپشۇرۇش دېگەنلىك، خاتالىق ئۆتكۈزگەن پارتىيە ئەزالىرى تەشكىل ئەنزە تۇرغۇزۇشتىن ئىلگىرى مۇناسىۋەتلىك تەشكىلگە ئۆز مەسىلىسىنى تاپشۇرۇش ياكى تەشكىل مەسىلىسىنى تەكشۈرۈۋاتقان مەزگىلدە، ئۇلار ئىگىلىمىگەن مەسىلىلەرنى تاپشۇرۇش دېگەنلىك. مەسىلىسىنى ئۆزلۈكىدىن تاپشۇرغان پارتىيە ئەزالىرىغا جازانى يېنىكلىتىپ بېرىشكە بولىدۇ.

## 13. قانداق ئەھۋال ئاستىدا جازا يېنىك ۋە يېنىكلىتىپ ياكى ئېغىر ۋە ئېغىرلىتىپ بېرىلىدۇ؟

تۆۋەندىكى ئەھۋاللارنىڭ بىرى بولسا، يېنىك ياكى يېنىكلىتىپ جازا بېرىشكە بولىدۇ: (1) خاتالىقنى ئۆزلۈكىدىن تەكشۈرۈپ تاپشۇرغان؛ (2) شۇ ئەنزىدىكى كىشىلەرنىڭ مەسىلىسىنى ئۆزلۈكىدىن پاش قىلغان، تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولغان؛ (3) ئۆزلۈكىدىن زىياننىڭ ئورنىنى تولدۇرغان ياكى زىياننىڭ يۈز بېرىشىنى ئۈنۈملۈك توسۇپ قالغان.

تۆۋەندىكى ئەھۋاللارنىڭ بىرى بولسا، ئېغىر ياكى ئېغىرلىتىپ جازالاشقا بولىدۇ: (1) پاكىتنى ئويدۇرۇپ چىقارغان، يوقىتىۋەتكەن، يوشۇرغان؛ (2) شۇ ئەنزىدىكى كىشىلەرنى قانات ئاستىغا ئالغان؛ (3) باشقىلارنى ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىشقا مەجبۇرلىغان، قۇترىتقان؛ (4) خاتالىقنىڭ پاكىتلىرىنى تاپشۇرۇشنى رەت قىلغان.

## 14. قانداق جىنايەت ئۆتكۈزگەن كومپارتىيە ئەزالىرىنى بىردەك پارتىيىدىن چىقىرىش كېرەك؟

تۆۋەندىكى جىنايەتلەرنىڭ بىرىنى شەكىللەندۈرگەنلەر بىردەك پارتىيىدىن چىقىرىلىشى كېرەك: (1) ئەكسىلئىنقىلابىي جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلەر؛ (2) ئىقتىسادىي جەھەتتىكى جىنايەت تۈپەيلىدىن قانۇن بويىچە جازاغا ھۆكۈم قىلىنغانلار؛ (3) قەستەن ھەر خىل جىنايەت ئۆتكۈزۈپ، قانۇن بويىچە مۇددەتلىك، مۇددەتسىز، ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەنلەر؛ (4) سەۋەنلىك تۈپەيلىدىن جىنايەت ئۆتكۈزۈپ، قانۇن بويىچە ئۈچ يىل (ئۈچ يىلنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ) دىن ئارتۇق مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلگەنلەر؛ (5) بىرلا خىل جازاغا ھۆكۈم قىلىنغان ياكى قوشۇمچە سىياسىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنغانلار.

## 15. قانداق جىنايەت ئۆتكۈزگەن كومپارتىيە ئەزالىرىنى پارتىيىدىن چىقارسىمۇ ياكى چىقارمىسىمۇ بولىدۇ؟

سەۋەنلىك تۈپەيلىدىن جىنايەت ئۆتكۈزۈپ، ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلگەن ياكى باشقا بىر قەدەر يېنىك جازا ھۆكۈم قىلىنغانلارنىڭ ئىلگىرىكى ئىپادىسى ئىزچىل بىر قەدەر ياخشى بولۇپ، كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ شەرتىنى ھازىرلىغانلار پارتىيىدىن چىقىرىلسىمۇ بولىدۇ، چىقىرىلمىسىمۇ بولىدۇ، لېكىن چوقۇم پارتىيىدە قالدۇرۇپ سىناش جازاسى بېرىلىشى كېرەك.

كومپارتىيە ئەزالىرى جازا مۇددىتى مەزگىلىدە، پارتىيىنىڭ تەشكىلىي تۇرمۇشىغا قاتناشتۇرۇلمايدۇ.

جىنايى ئىشلار جازاسى بېرىلگەن ۋە جازالانغان ئەمما پارتىيىدىن چىقىرىلمىغان كومپارتىيە ئەزالىرىغا بېرىلىدىغان پارتىيىدە قالدۇرۇپ سىناش جازاسى جازا مۇددىتى توشقاندىن كېيىن ئىجرا قىلىنىشى كېرەك، پارتىيىدە قالدۇرۇپ سىناش مۇددىتى جازا مۇددىتى توشۇپ قويۇپ بېرىلگەن كۈندىن باشلاپ ھېسابلىنىدۇ.

شىن لى

# ھۆكۈمەت ئىشىدا پاك بولۇش تۈزۈملىرى قۇرۇلۇشىدا دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان بىر قانچە مەسىلە*

ياسىن ھاشىم

ھۆكۈمەت ئىشىدا پاك بولۇش قۇرۇلۇشىنىڭ چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، ھەر قايسى جايلار ۋە ئورۇنلاردا ئارقا - ئارقىدىن ئۆرگۈنلىگەن ئاشكارا ئىش بېجىرىش، ھۆكۈمەت ئىشىدا پاك بولۇش تۈزۈملىرى ئورنىتىلىپ، چىرىكلىك ھادىسىلىرىنىڭ يامراپ كېتىشىدە بەلگىلىك چەكلەش رولىنى ئويناپ، ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇش سىياسىتىنىڭ ئىزچىل ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىندى. لېكىن، ئۈۋەتتە، ھۆكۈمەت ئىشىدا پاك بولۇش قۇرۇلۇشىدا يەنىلا ساقلىنىۋاتقان بىر قانچە مەسىلە بىزنىڭ دىققەت قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ.

بىرىنچى، ئاممىنىڭ قاتنىشىش نىسبىتى يۇقىرى ئەمەس. ھازىر بەزى ئورۇنلارنىڭ ھۆكۈمەت ئىشىدا پاك بولۇش تۈزۈملىرى قۇرۇلۇشى يەنىلا رەھبەرلەرنىڭ ئادەتتىكى تەشۋىقاتى، چاقىرىقى ئۈستىدە توختاپ قېلىپ، ئېنىق ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇش كەم بولۇۋاتىدۇ. ھۆكۈمەت ئىشىدا پاك بولۇش بەلگىلىمىلىرىنىڭ تۈزۈلۈشى ھەمىشە «رەھبەرلەرنىڭ ئېغىز ئېچىشى»، «كاتىپلارنىڭ قول تەۋرىتىشى» ياكى «يۇقىرى دەرىجىلىكنىڭ بەلگىلىمىسىنى ئۆز پېتى كۆچۈرۈپ كېلىش»دە توختاپ قېلىپ، ئاممىنىڭ ۋە كادىرلارنىڭ قاتنىشىشى چوڭقۇر قوزغىتىلمايۋاتىدۇ. ئاممىنىڭ قاتنىشىش ھوقۇقى ۋە قاتنىشىش مەزمۇنى بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن، بەلگىلىمە ئېنىق، كونكرېت بولماي، ئاممىنىڭ ھەقىقىي تۈردە ھۆكۈمەت ئىشىغا قاتنىشىشى، ھۆكۈمەت ئىشىنى كېڭەشلىشى ئىشقا ئاشۇرۇلمايۋاتىدۇ.

ئىككىنچى، ھۆكۈمەت ئىشىدا پاك بولۇش بەلگىلىمىلىرى ئەمەلىي ئەمەس. ئۈۋەتتە، بەزى ئورۇنلارنىڭ ھۆكۈمەت ئىشىدا پاك بولۇش بەلگىلىمىلىرى ئۆز ئورنىدىكى كادىرلارنىڭ ئىدىيىۋى ئەمەلىيىتى، كەسىپ ئالاھىدىلىكى ۋە ئاممىنىڭ پىكرى ئەڭ كۆپ، ئاسانلا چىرىكلىك ھادىسىلىرىنى پەيدا قىلىدىغان جايلارغا قول سېلىشقا كۆپ قارىتىلماستىن، بەلكى يۈزەكىلا تۈزۈلۈۋاتىدۇ ياكى ۋەزىيەتكە يېتىشىۋېلىش ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ تەكشۈرۈشىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، يۇقىرى دەرىجىلىك تارماق ياكى قېرىنداش ئورۇنلارنىڭ بەلگىلىمىلىرىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ «پايدىلىنىۋاتىدۇ». بەزىلىرى ئۆز پېتى كۆچۈرۈپ كېلىپ ئۆز ئورنى، ئۆز تارمىقىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئەستايىدىل تەھلىل قىلماي، ئىش ئورنى ئالاھىدىلىكى ۋە فۇنكسىيىلىك ۋەزىپىنى ئايرىماي، بىر قانچە ماددىلىق تەلەپنى ئومۇمىلا تىزىپ قويۇۋاتىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ قۇرۇق نەرسە بولۇپ قالغان.

ئۈچىنچى، ئىچكى قىسىمدا چەكلەش كۈچلۈك ئەمەس. ھازىر قىسمەن ئورۇن ياكى تارماقلاردا ئىچكى قىسىمدىكى رىقابەتنىڭ چەكلەش مېخانىزمى يوق. رەھبەرلىك ئەزالىرى ئارىسىدا، يۇقىرى - تۆۋەن ئوتتۇرىسىدا ۋە ھەر قايسى ھالقىلار ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا چەكلەش ۋە نازارەت قىلىش كەم بولۇپ، تۈزۈمگە ئەھمىيەت بېرىپ، نازارەتچىلىككە سەل قارايدىغان ئەھۋاللار شەكىللىنىپ، تۈزۈم - بەلگىلىمىلەرنى ئىجرا قىلىشتا ئۆرگۈنلىگەن يوچۇقلار ساقلانماقتا. دۆلەت، كوللېكتىپ مەنپەئەتىگە دەخلى - تەرۇز قىلىدىغان بەزى چىرىكلىك قىلمىشلىرى ئاممىنىڭ بىۋاسىتە مەنپەئەتى بىلەن مۇناسىۋىتى بولغانلىقتىن «ئاز سۆزلىگەن ياخشى» دەيدىغان كەيپىيات شەكىللىنىپ، ئىچكى قىسىمدىكى رىقابەتنىڭ چەكلىشىنى ياخشى يولغا قويغىلى بولمايۋاتىدۇ.

تۆتىنچى، يورۇشلەشكەن كاپالەتلىك قىلىش چارە - تەدبىرلىرى. قائىدە - تۈزۈملەرنى ئورنىتىش كەم. ئۆرگۈنلىگەن خىزمەتلەردە بەلگىلىك تەرتىپلىشىش، قېلىپلىشىش ئىشقا ئاشۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بەزى ھالقىلار كۆپىيىپ، زۆرۈر بولغان يورۇشلەشكەن كاپالەتلىك قىلىش چارە - تەدبىرلىرى بولمىدى. مەسىلەن، قەرەللىك مۇددەتتە جاۋاب بېرىش تۈزۈمى، سۈرۈشتۈرۈش - تەكشۈرۈش تۈزۈمى قاتارلىقلار. كاپالەتلىك قىلىش چارە - تەدبىرلىرى بولمىسا، ناھايىتى ئاسانلا خىزمەت ئۈنۈمىگە تەسىر يېتىدۇ.

# پارتىيىنىڭ تەشكىلات كادىرلىرىنىڭ كەسىپ ئەخلاقى ئۆلچىمى توغرىسىدا

ئىسمايىل ئىبراھىم

يېڭى تارىخىي دەۋردە، پارتىيىنىڭ تەشكىلىي خىزمىتىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى — پارتىيىنىڭ تەشكىلىي لۇشيەنىنى توغرا، ئىزچىل ئىجرا قىلىش؛ پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشى، ئىستىل قۇرۇلۇشى ۋە تەشكىلىي قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى ياخشىلاش، پارتىيىنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى ئاشۇرۇش، شۇنىڭ بىلەن پارتىيىمىزنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىغا رەھبەرلىك قىلىدىغان قۇدرەتلىك يادروغا ئايلاندۇرۇپ، پارتىيىنىڭ سىياسىي لۇشيەنىنىڭ ئىشقا ئېشىشىغا تەشكىلىي جەھەتتىن كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت.

پارتكوم تەشكىلات بۆلۈملىرى تەڭ دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ ئىش بېجىرىش تارمىقى، پارتكوملارنىڭ تەشكىلىي خىزمەتتىكى ياردەمچىسى ۋە مەسلىھەتچىسى، مەيلى يۇقىرى دەرىجىلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈملىرى بولسۇن ياكى تۆۋەن دەرىجىلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈملىرى بولسۇن، ئومۇمەن ئالغاندا، مۇنداق بىر قانچە كونكرېت ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالغان:

1) پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى ۋە پارتكومنىڭ يوليورۇق، قارارلىرىغا ئاساسەن، پارتىيىنىڭ تەشكىلىي خىزمەتكە دائىر فاڭجېن، سىياسەتلەر ئۈستىدە تەكشۈرۈش - تەتقىق قىلىشنى ئېلىپ بېرىپ، پارتىيىنىڭ تەشكىلىي لۇشيەنىنى ئەمەلدە كۆرسىتىشكە دائىر كونكرېت تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش، بۇنى پارتكوم تەكشۈرۈپ تەستىقلىغاندىن كېيىن ئەستايىدىللىق بىلەن ئىزچىل ئىجرا قىلىش؛

2) تۆۋەن دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىش، كوللېكتىپ رەھبەرلىكتە چىڭ تۇرۇش ۋە تەشكىلىي تۇرمۇشنى راۋاجلاندۇرۇش ئەھۋالى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ ۋە ئۇنىڭغا ھەيدەكچىلىك قىلىپ، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ ھەم تونۇشتۇرۇپ، ياخشىلاش پىكىرلىرى ۋە تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ھەم پارتكومغا دوكلات قىلىش؛

3) پارتىيىنىڭ كادىرلار لۇشيەنى ۋە كادىرلار سىياستىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىش؛ كادىرلار تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش، كادىرلارنى، باشقۇرۇشنى ياخشىلاش، كادىرلارنى كۆزىتىش ۋە چۈشىنىشنى كۈچەيتىش، كادىرلارنى مۇۋاپىق ھالدا سەپلەش ۋە ئىشلىتىش، پارتىيە ئىشلىرىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، كادىرلارغا زور كۈچ بىلەن تەلىم - تەربىيە ئېلىپ بېرىپ، كادىرلار قوشۇنىنىڭ سۈپىتىنى ھەقىقىي رەۋىشتە ئۈستۈرۈش؛

4) ئىنقىلابىيلاشتۇرۇش، ياشلاشتۇرۇش، بىلىملىك ۋە كەسپىي ئەھلىگە ئايلاندۇرۇش تەلىپىگە ئاساسەن، مەركىزىي كومىتېت ۋە ھەر دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ رەھبەرلىكىدە، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرىنى تەڭشەش، سەپلەش، قۇرۇلۇشىنى ياخشىلاش، ئەخلاقلىق ھەم قابىلىيەتلىك بولۇش ئۆلچىمىگە ۋە رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئاساسىي شەرتىگە ئاساسەن، ئوتتۇرا ياشلىق ۋە ياش مۇنەۋۋەر كادىرلارنى پائال يېتىشتۈرۈپ، تاللاپ ئۈستۈرۈپ، ئۇلارنى تۈرلۈك رەھبەرلىك خىزمەتلىرىگە قويۇش، كادىر ئالماشتۇرۇش ئىشىنى ئوبدان ئىشلەپ، رەھبەرلىك بەنزىلىرىنى ياشارتىش، خىللاشتۇرۇش، جەڭگىۋارلىقىغا ئىگە قىلىش؛

5) مەركەزنىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن، ئالاقىدار ئورۇنلار بىلەن پائال ھەمكارلىشىپ، دەم ئېلىشقا ۋە پېنسىيىگە چىققان كادىرلارنى باشقۇرۇش، ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە ئۇلارغا غەمخورلۇق قىلىش خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەش، ئۇلارنىڭ ئاكتىپلىق روھىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش؛

6) پارتىيە ئەزالىرىغا تەربىيىسىنى كۈچەيتىش ۋە پارتىيە ئەزالىرىنى باشقۇرۇشنى ياخشىلاش، پارتىيىگە ئەزا قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنى تەرتىپكە سېلىش ۋە قۇرۇلۇش ئىشىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەش، بۇ ئارقىلىق پارتىيە ئەزالىرىنىڭ سۈپىتى ۋە پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش؛

7) كادىرلار سىياسىتىنى ۋە زىيالىيلار سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش، كادىرلارنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش؛

8) كادىرلارنىڭ ۋە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ تىزىمىنى ئېلىش، كادىرلار ئارخىپىنى ۋە خىزمەت ئارخىپىنى ياخشى باشقۇرۇش؛

9) پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلارنىڭ ئەرزىنى بىر تەرەپ قىلىش، پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلاردىن كەلگەن خەت - چەكلەرنى ۋە ئۇلاردىن ھال - ئەھۋال ئېيتىپ كەلگەنلەرنىڭ ئىشىنى بىر ياقلىق قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش؛

10) پارتىيىنىڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش تارماقلىرىغا ماسلىشىپ پارتىيە ئىستىلىنى توغرىلاش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش.

تەشكىلات تارماقلىرى ئەنە شۇنداق ئېغىر ھەم تولىمۇ شەرەپلىك ۋەزىپىنى ئۈز ئۈستىگە ئالغانلىقى ئۈچۈن، تەشكىلات تارماقلىرىدىكى كادىرلار ھەم ئەخلاقلىق ھەم قابىلىيەتلىك بولۇشى، ھەم پارتىيە ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىكى كادىرلارنىڭ كەسپىي ئەخلاق ئۆلچىمىنى ئورۇندايلا قالماستىن، بەلكى تەشكىلات خىزمىتىنىڭ خاراكتېرى، ۋەزىپىسى، ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، يۈكسەك كەسپىي ئەخلاققا ھەم توغرا ئىستىل، يۈكسەك ئىدىيىۋى پەزىلەتكە ئىگە بولۇشى كېرەك.

شۇڭا تۆۋەندىكى شەرتلەرگە لايىقلىشىشى لازىم:

بىرىنچى، پارتىيىۋىلىكى كۈچلۈك بولۇش: پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى تەۋرەنمەستىن ئىزچىل ئىجرا قىلىدىغان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن سىياسىي جەھەتتە بىردەكلىكنى ساقلايدىغان، خىزمەتتە يېڭى ۋەزىيەت يارىتالايدىغان بولۇشى كېرەك. شۇنداقلا ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلەيدىغان، توغرا تەشەببۇستا باتۇرلۇق بىلەن چىڭ تۇرىدىغان، ناچار كەيپىياتلارنى توسۇشقا جۈرئەت قىلىدىغان، پارتىيىنىڭ پرىنسىپلىرىدا چىڭ تۇرىدىغان، پارتىيىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدايدىغان، بارلىق خاتا ئىدىيە ۋە ناچار خاھىشلارغا قارشى كۈرەش قىلىدىغان بولۇش لازىم.

ئىككىنچى، ئىستىلى توغرا بولۇش: ئادىل ئىش قىلىدىغان، ھەق - ناھەقنى ئېنىق ئايرىيدىغان، يۈز-خاتىرە قىلمايدىغان، تەرەپبازلىق قىلمايدىغان، ئۆز يېقىنلىرىنى ئىشقا قويمايدىغان، ئۆز كىشىلىرىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرمايدىغان بولۇش؛ ئىختىساسلىق كىشىلەرنى قەدىرلەيدىغان، ياخشىلار ۋە قابىلىيەتلىك كىشىلەرنى ئىشقا قويىدىغان ھەم ئۆستۈرىدىغان، ياخشىلار ۋە قابىلىيەتلىك كىشىلەرگە ھەسەتخورلۇق قىلمايدىغان، ئىختىساسلىق كىشىلەرنىڭ كۆمۈلۈپ قېلىشىنى راۋا كۆرمەيدىغان، ئۇلارنى باسمايدىغان بولۇش كېرەك.

ئۈچىنچى، ئىشنى ئەستايىدىل ئىشلەيدىغان بولۇش: يۈكسەك ئىنقىلابىي ئىشچانلىق ۋە سىياسىي مەسئۇلىيەتچانلىققا ئىگە بولۇش، ئىشنى قىلچە بىپەرۋالىق قىلماستىن كۆڭۈل قويۇپ ئىشلەيدىغان، باشقىلارغا ئىتتىرىپ قويمايدىغان، ئارقىغا سۆرىمەيدىغان، ئىشقا دادىللىق بىلەن مەسئۇل بولىدىغان بولۇش لازىم.

تۆتىنچى، سەمىمىي - مۇلايىم بولۇش: باشقىلارغا قىزغىن مۇئامىلە قىلىدىغان، كادىرلار ۋە پارتىيە ئەزالىرىغا كۆيۈنىدىغان، ئۇلارنى ئاسرايدىغان، پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلار بىلەن دائىم مۇڭدىشىپ، ئەھۋال ئۇقىدىغان، ئۇلارنىڭ پىكىرلىرىگە قۇلاق سالىدىغان، ئۇلاردىن كەلگەن خەت - چەكلەرنى ۋە ھال ئېيتىپ كەلگەنلەرنىڭ ئىشىنى ئەستايىدىل بىر ياقلىق قىلىدىغان، ئۇلارنىڭ ئەھۋال ئىنكاس قىلىشى ۋە مەسىلىنى ھەل قىلىشىغا ھەقىقىي ياردەم بېرىدىغان بولۇش كېرەك.

بەشىنچى، ئىنتىزامغا ۋە قانۇنغا رىئايە قىلىدىغان بولۇش: پارتىيە ئىنتىزامى ۋە دۆلەت قانۇنىغا نەمۇنىلىك بىلەن رىئايە قىلىدىغان، «پارتىيە نىزامنامىسى» ۋە «نىزام»نى باشلامچىلىق بىلەن ئىجرا قىلىدىغان، يولىيورۇق سوراش، دوكلات قىلىش تۈزۈمىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرىدىغان، پارتكومنىڭ قارارلىرىنى ئىجرا قىلىدىغان، كادىرلار خىزمىتىنىڭ مەخپىيىتىنى قاتتىق ساقلايدىغان بولۇش كېرەك.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان بەش نۇقتا تەشكىلات تارماقلىرىدىكى كادىرلارنىڭ كەسپىي ئەخلاق قۇرۇلۇشىنىڭ ئۆلچىمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. كادىرلارنىڭ كەسپىي ئەخلاقى، ئىستىلى ۋە ئىدىيىۋى پەزىلىتىنىڭ ياخشى ياكى يامان بولۇشى پارتىيىنىڭ تەشكىلىي لۇشيەنىنىڭ ئىزچىل ئىجرا قىلىنىشىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاش ياكى قوزغىيالماسلىققا بېرىپ تاقىلىدۇ. شۇڭا، تەشكىلات ـ تارماقلىرىدىكى كادىرلار خاس، ئادىل، دۇرۇس بولۇش، ساپ دىل، سەممىي بولۇش، پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش جەھەتتە نەمۇنە بولۇپ، تەشكىلات تارماقلىرىنى پارتىيە ئەزالىرى، زىيالىيلار، كادىرلارنىڭ ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق ئائىلىسىگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن ئۈنۈملۈك خىزمەت ئىشلەپ، پارتىيىنىڭ تەشكىلات كادىرلىرىدىن كۈتكەن ئۈمىدىنى ئورۇندىشى لازىم.

پارتىيىمىز «مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى يېتەكلەپ ۋە ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىپ، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇپ، ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ ئىش كۆرۈپ، جاپالىق ئىشلەپ ئىگىلىك يارىتىپ، مەملىكىتىمىزنى زامانىۋىلاشقان، باي، قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىيەتلىك، سوتسىيالىستىك مەملىكەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش» تىن ئىبارەت سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي لۇشيەنىنى بەلگىلىدى. بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنداشتا چوقۇم تەشكىلات تارماقلىرى ۋە كادىرلىرى ئالدىنقى قاتاردا تۇرۇپ تەشكىلىي خىزمەتتە كوممۇنىستىك ئاڭغا ئىگە، پەن ـ مەدەنىيەت بىلىملىرىگە ئىگە، تەشكىللەش قابىلىيىتىگە ئىگە بولۇش بىلەن بىللە، كەسپ ئەخلاقىي ياخشى بولۇش ئۆلچىمىگە يېتىپ، پارتىيىمىزنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا تۆھپە قوشۇشى لازىم.

---

(بېشى 33 ـ بەتتە)

ئاشقان دېموكراتىيىلەشتۈرۈش» ۋە «ھۆكۈمەتسىزلىك» دېگەنلەر قانداق نەرسە؟ ئەگەر دېموكراتىيىنىڭ ئۆزى مەركەزلەشتۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ دېيىلىدىغان بولسا، ئوخشاشلا، پرولېتارىيات پارتىيىسىنىڭ تەشكىلىي پرىنسىپى بولغان مەركەزلەشتۈرۈشمۇ مۇقەررەر ھالدا دېموكراتىيىنى تەلەپ قىلىدۇ، ئۇنداق بولمىغاندا، دېموكراتىيىلەشمىگەن مەركەزلەشتۈرۈش پرولېتارىيات پارتىيىسىنىڭ تەشكىلىي پرىنسىپى بولالمايدۇ! چۈنكى، پرولېتارىيات پارتىيىسىنىڭ خاراكتېرى، ۋەزىپىسى ۋە بۇرچى ئۇ يولغا قويغان مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنىڭ فېئودال بيۇروكراتلىق مەركەزلەشتۈرۈش ۋە مونوپول مۇئەسسەسىلىك مەركەزلەشتۈرۈش بولماستىن، بەلكى دېموكراتىيە مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى بولۇشى كېرەكلىكىنى ھەمدە پەقەت شۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئىكەنلىكىنىلا بەلگىلىگەن. پرولېتارىيات پارتىيىسىنىڭ مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى دېموكراتىيە ـ مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى ئاساسىدا، دېموكراتىيە تۈزۈمىنى ئالدىنقى شەرت قىلىپ قۇرۇلۇشى كېرەك.

قىسقىسى، دېموكراتىيە ـ مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى دېموكراتىيە ئاساسىدا مەركەزلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت، ئۇنىڭ ماھىيىتى — مەركەزلەشتۈرۈش. بىز ئىلگىرى پارتىيە ئىچىدە ھەددىدىن زىيادە مەركەزلەشتۈرۈش ئوتتۇرىغا چىققانلىق تۈپەيلىدىن، ھەتتا شەخسلەرنىڭ ئۆز بىشىمچىلىق ئەھۋاللىرى يۈز بەرگەنلىكى تۈپەيلىدىن، دېموكراتىيە مەركەزلەشتۈرۈش پرىنسىپىنى ئىنكار قىلماسلىقىمىز ياكى دېموكراتىيىنى دېموكراتىيە ـ مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنىڭ ئورنىغا دەسسەتمەسلىكىمىز لازىم.

# راخمان تۇر پارتىيە ئىنتىزامى جازاسىغا تارتىلدى

ھاجى ئەمەت. ئابدۇرېھىم تۇر

پەيزاۋات ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى يېقىندا بۇ ناھىيىنىڭ ئۆردەكلىك يېزا 4 - كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى راخمان تۇرنىڭ مەسىلىسىنى ئىنچىكە تەكشۈرۈپ، جىددىي بىر تەرەپ قىلدى.

راخمان تۇر يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، ئۆزىنىڭ خەلقنىڭ چاكىرى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ، خەلق ئۈچۈن جان - دىل بىلەن خىزمەت قىلىشنىڭ ئورنىغا ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىپ، ئۆزى بەگ، ئۆزى خان بولۇۋېلىپ، كوللېكتىپنىڭ مال - مۈلكىنى خالىغانچە بۇزۇپ - چاچقان. ئىقتىسادىي جەھەتتە ئېغىر دەرىجىدە چىرىكلىشىپ، مالىيە - ئىقتىساد باشقۇرۇش تۈزۈمىگە ئېغىر دەرىجىدە خىلاپلىق قىلغان؛ يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللىتىش توغرىسىدىكى بەلگىلىمە ۋە يول - يورۇقلىرىغا پىسەنت قىلماي، ئۆزى خالىغانچە دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى كۆپەيتكەن؛ پۇل خەجلىگۈسى كەلسە، دېھقانلاردىن ھاشار ئۈچۈن پۇل يىغىپ، پۇل تۆلىگەن دېھقانلارنىڭ ھاشارنى باشقىلارغا زورمۇ - زور تېڭىپ، تولارنىڭ ئەمگىكىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىش بەدىلىگە پۇل ئۇندۇرۇۋالغان.

1987 - يىلدىن ئۆتكەن يىلنىڭ ئاخىرىغىچە، راخمان تۇر باشلىق كەنت - گۇرۇپپا دەرىجىلىك سەككىز نەپەر كادىر 20 ئائىلىلىك دېھقاندىن ھاشار ئۈچۈن ئالغا 3560 يۈەن پۇلنى بۆلۈشۈۋالغان. بۇنىڭدىن راخمان تۇر 1435 يۈەننى ئېلىپ، ئۇنىڭدىن 476 يۈەننى كەنتنىڭ بەزى ئىشلىرىغا ئىشلەتكەندىن باشقا، 959 يۈەننى ئۆز چۆنتىكىگە سېلىۋالغان. قالغان 2125 يۈەننى يەتتە نەپەر كادىر ئۆز ئارا بۆلۈشۈۋالغان. تولار كوللېكتىپ ئىگىدارچىلىقىدىكى بىر بۆلۈك باغاچ - ئورمانىنى 613 يۈەنگە سېتىپ، بۇنىڭدىن راخمان تۇر 154 يۈەننى، ئۈچ نەپەر كادىر 459 يۈەننى خەجلىۋالغان. راخمان تۇر يەنە كوللېكتىپنىڭ 100 يۈەنلىك ياغاچ ماتېرىيالىنى سېتىۋېلىپ پۇلىنى بەرمىگەن؛ كوللېكتىپنىڭ بىر ئورۇندىكى سۇ قۇرۇلۇشىنى بىر تىراكتورچىغا 507 يۈەنگە ھۆددىگە بېرىپ، بۇ پۇل ئۈچۈن گۇرۇپپىلاردىن 207 يۈەن نەق پۇل ۋە بىر باش كالىنى يىغىۋېلىپ، تىراكتورچىغا ھېلىقى كالىنى 507 يۈەنگە ھېسابلاپ بېرىپ، 207 يۈەن نەق پۇلنى ئۆزى يۇتىۋەتكەن. 1989 - يىلى غەللە - سۇ ھەققى كەلتۈرۈشتە، بۇ ئورۇندىكى سەككىز نەپەر كەنت گۇرۇپپا دەرىجىلىك كادىر ئۆزلىرىنىڭ ئائىلىلىرى تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك بولغان 1347 يۈەندىن ئارتۇق سۇ ھەققى (بۇنىڭ ئىچىدە راخمان تۇر ئائىلىسى تاپشۇرۇشقا تېگىشلىكى 200 يۈەندىن ئارتۇق) نى دېھقانلارنىڭ يېزىلىق ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك بولغان ئۇت خىل چىقىم پۇلىغا قوشۇپ يىغىۋېلىپ، ئۆزلىرى بىر تىيىنمۇ تۆلىمىگەن. راخمان تۇر يەنە ئىلگىرى ئاخىر بولۇپ كوللېكتىپنىڭ بىر دەرۋازىسى، بىر رېزىنكە چاقلىق ھارۋىسى قاتارلىق نەرسىلەرنىمۇ ئۆزىنىڭ شەخسى مۈلكى قىلىۋالغان ۋە قانۇنسىز ھالدا 13.7 مو يەرنى ئىگىلىۋالغان.

ئېنىقمۇ ئېغىر بولغىنى شۇكى، ئۇنىڭ مەسىلىسى پاش بولغاندىن كېيىن، مۇناسىۋەتلىك تارماقلار تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىۋاتقاندا، ئۇ باشقىلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، مەسىلىنى ئىقرار قىلماسلىق، تېنىۋېلىش، باشقىلارغا دۆڭگەپ قويۇش قاتارلىق ناچار پوزىتسىيىدە بولغاندىن سىرت، ئۆزىنىڭ مەسىلىسىنى پاش قىلغانلار ئىچىدىكى ئابرىم كىشىلەر ئۈستىدىن يالغان پاكىت ئويدۇرۇپ چىقىپ، يۇقىرىغا ئەرز قىلىش ئارقىلىق تولارغا زىيانكەشلىك قىلىشقا ئۇرۇنغان.

راخمان تۇرنىڭ يۇقىرىقى بىر قاتار قىلمىشلىرىغا ئاساسەن، ناھىيىلىك پارتكوم ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى بۇ يىل 3 - ئاينىڭ 29 - كۈنى قارار ماقۇللاپ، ئۇنىڭغا ئىگىلىۋالغان بارلىق مال - مۈلۈكنى تولۇق قايتۇرۇش، ئارتۇق ئىگىلىۋالغان يەرنى قايتۇرۇۋېلىش؛ خىيانەت قىلغان ۋە بۇزۇپ - چېچىۋەتكەن 1810 يۈەندىن ئارتۇق پۇلنى تۆلىتىۋېلىش، پارتىيە ئىچىدە بىر يىل قالدۇرۇپ سىناش جازاسى بەردى.

• گۈل ۋە تىكەن •
• گۈل ۋە تىكەن •

## ئوبرازلىق تەربىيە، ئەمەلىي ياردەم

ئاۋات ناھىيە ئامتوغراق يېزا ئارال 1 - كەنت پارتىيە ياچېيكىسى «ئۈچ يىغىن، بىر دەرس» تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، پارتىيە ئەزالىرىغا بولغان ئىدىيىۋى تەربىيىنى كۈچەيتتى. پارتىيە ياچېيكىسى بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان پارتىيە ئەزالىرىنى «مەن — بىر كوممۇنىست»، «مىزان — بىزنىڭ ئەڭگۈشتەر ئىمىز»، «شىنجاڭدا ئاساسىي خەۋپ ئىچكى - تاشقى مىللىي بۆلگۈنچىلەردىن كېلىدۇ» دېگەن تېمىلاردا تەسىرات سۆزلەش، پارتىيىگە كىرىش قەسىمىنى ئەسلەش، تۆھپىنى سېلىشتۇرۇپ، پەرقنى تېپىش پائالىيەتلىرىگە ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇلارنى ھوقۇق مەجبۇرىيىتىنى توغرا تونۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. پارتىيە ئەزالىرى ئىدىيىۋى - سىياسىي ئېڭىنى ئۆستۈرۈپ، ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، پارتىيە بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇردى. بۇ ياچېيكىدىكى 22 نەپەر پارتىيە ئەزاسى ئاممىغا باشلامچىلىق قىلىپ، بېيىشقا يېتەكلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرگە ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى، ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى، خىمىيىۋى ئوغۇت، نەق پۇل، ئاشلىق، كىيىم - كېچەك ياردەم قىلىپ، ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ئۇلارنىڭ قەد كۆتۈرۈشىگە يار - يۆلەك بولۇپ، ئاممىنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولدى. بۇ ئارقىلىق پارتىيىنىڭ ئامما ئارىسىدىكى ئوبرازى گەۋدىلەندى.



ھادى دانى

## چارۋىچىلارنى سۆيۈندۈرگەن پەرزەنت ئەسكەرلەر

بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان ساۋەن ناھىيىسىدە تۇرۇشلۇق مەلۇم قىسىم دوختۇرخانىسى تىببىي خادىملارنى تەشكىللەپ، چارۋىچىلار ئارىسىغا ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ كېسىلىنى داۋالاپ، كەڭ چارۋىچىلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى.

بۇ قىسىم — تيانشان، بورتوڭگى قاتارلىق ئۈچ يېزا ۋە چارۋىچىلىق مەيدانىنىڭ ئارىلىقىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇ يەردە قىسىمنىڭ دوختۇرخانىسىدىن باشقا دوختۇرخانا يوق ئىدى. چارۋىچىلار نەچچە ئون كىلومېتىر يول يۈرۈپ، قىسىم دوختۇرخانىسىغا كېلىپ كېسەل كۆرسەتتى. بۇ ئەھۋالغا ئاساسەن قىسىم چارۋىچىلارنى ئۆز ۋاقتىدا داۋالىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، بىر تۈركۈم دوختۇرلارنى ئاجرىتىپ، چارۋىچىلار ئارىسىدا داۋالاش، كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش، سالامەتلىكنى تەكشۈرۈش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىدى ھەمدە بۇ ئۈچ يېزا ۋە چارۋىچىلىق مەيدانىغا قولايلىق دەپ قارالغان ئورۇننى تاللاپ ۋاقىتلىق ئامبۇلاتورىيە قۇرۇپ بەردى. 20 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان بۇ قىسىمدىكى دوختۇرلار بۇ ئورۇنلارنىڭ ھەممىلا يېرىنى ئايلىنىپ، جەمئىي 28 مىڭ 600 كىلومېتىر يول يۈرۈپ، 38 مىڭ 320 ئادەم قېتىم كېسەل كۆردى. چارۋىچىلار ئۆزلىرىنىڭ كېسىلىنى داۋالاپ ساقايتىۋاتقان پەرزەنت ئەسكەرلەردىن سۆيۈنۈپ، ئۇلارنى «ئاق خالاتلىق پەرىشتە» دەپ ئاتىماقتا.



ئەخمەتجان نىياز، ۋۇ جىڭفەن

## باغۋەنچىلىك ئىشلىرىغا ئۆزىنى بېغىشلىغان كىشى

كۇچا ناھىيىلىك پەن - تېخنىكا كومىتېتى تېخنىكا مۇلازىمەت ئېچىش پونكىتىنىڭ ياردەمچى ئاگرونومى، كومپارتىيە ئەزاسى يۈسۈپ توختى 32 يىللىق ھاياتىنى باغۋەنچىلىك بىلەن ئۆتكۈزۈپ، زېھنىي كۈچىنى مېۋىلىك دەرەخلەرنى ئۇلاش، مېۋە سورتىنى ياخشىلاش ۋە كۆچەت يېتىشتۈرۈشكە سەرپ قىلىپ، ناھىيىنىڭ باغۋەنچىلىك ئىشلىرى ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشۇپ، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى. ئۇ ئۆزىنىڭ مول تەجرىبىسى ۋە كەسپىي ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ، بىر قانچە قېتىم ناھىيە بويىچە باغۋەنچىلىك تېخنىكلىرىنى يېتىشتۈرۈش كۇرسىدا دەرس ئۆتتى، باغۋەنلەرگە ئىلغارچىلىق تېخنىكىسىنى نەق مەيداندا ئۆلگە كۆرسىتىپ ئۆگەتتى. بولۇپمۇ ئۇ كونا باغلارنى ئۆزگەرتىش، قېرى دەرەخلەرنى كېسىپ ئۇلاپ ياشارتىشتىكى تېخنىكىلىق قائىدىلىرى بويىچە ۋىلايەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن كىشىلەرگە زېرىكمەي، قىتىرقىنىپ ئۆلگە كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ ۋىلايەت بويىچە كېڭەيتىشىگە تېگىشلىك تۆھپە قوشتى. 1988 - يىلى



ناھىيىلىك پەن - تېخنىكا كومىتېتى چىمەن يېزىسىنىڭ تۆۋەن مەھسۇلاتلىق 53 مو كونا بېغىنى ئۆزگەرتىشنى ھۆددە ئالغاندا، يۈسۈپ توختى پەن - تېخنىكا مۇلازىمەت پونكىتىغا ۋەكىللىك قىلىپ، باغنىڭ تېخنىكا يېتەكچىلىك ئىشىغا مەسئۇل قىلىنىپ، شۇ يىلى باغدىكى ئۈستى تەرىپىدىن قۇرۇشقا باشلىغان مېۋىلىك دەرەختىن 455 تۈپىنى كېسىپ ئۇلاپ، كۆكلەش نىسبىتىنى 88 پىرسەنتكە يەتكۈزدى.

ئەبەيدۇللا مەھمۇت

## خىيانەتچى غوجى ئەمەت يۈسۈپ پارتىيىدىن چىقىرىلدى

قاغىلىق ناھىيە چوپان يېزىلىق ئامانەت - قەرز كوپىراتىپىنىڭ كادىرى غوجى ئەمەت يۈسۈپ خىزمىتىدىكى قولايلىق پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، نەپسانىيەتچىلىككە بېرىلىپ، دۆلەت پۇلىغا خىيانەت قىلغانلىقتىن، ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى تەرىپىدىن بۇ يىل 2 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئۆتىنگىغا قانۇن بويىچە مۇددەتلىك ئىككى يىللىق قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىندى، ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى ئۇنى پارتىيىدىن چىقاردى. غوجى ئەمەت يۈسۈپ 1962 - يىلى خىزمەتكە قاتناشقان بولۇپ، پارتىيىنىڭ ئۇزۇن يىللىق تەربىيىسىنى ئالغان تۇرۇقلۇق، ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىنىقىغا بەرداشلىق بېرەلمەي بۇرژۇئازىيىنىڭ «ھەممىدە پۇلغا قاراش»تەك چىرىك، چاكىنا ئىدىيىسىگە ئەل بولۇپ، قولىدىكى ئەتكەس قىلىنغان ئامانەت پۇل چېكىنى قائىدىگە خىلاپ ھالدا قايتا ئىشلىتىپ، قەرز پۇللارنى رەسمىيەتسىز يىغىپ، ھېسابقا ئۆتكۈزمەي، كىرىمنى يوشۇرۇشتەك



ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، 1986 - يىلى 1 - ئايدىن 1989 - يىلى 8 - ئايغىچە، جەمئىي 13 مىڭ 998 يۈەندىن ئارتۇق دۆلەت پۇلىغا خىيانەت قىلغان. ئۇ ئەنزە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈلۈش جەريانىدا گەرچە ئومۇمىي خىيانەت قىلغان پۇلنى تولۇق قايتۇرغان بولسىمۇ، دۆلەت قانۇنىغا ئېغىر ھالدا خىلاپلىق قىلىپ، جەمئىيەتكە ئىنتايىن يامان تەسىر پەيدا قىلغانلىقتىن تېگىشلىك جازاغا تارتىلدى.

سىدىق تۇردى، بارات ئەمەت

## جياڭ زېمىن ئۆزى ئۈستىدىكى ئېغۋاغا رەددىيە بەردى

چەتئەل جياڭ زېمىن لى شىيەنىيەنىڭ كۈيئوغلى ئىكەن دېگەن گەپ تارقىلىپ يۈرمەكتە. 1985 - يىلى جياڭ زېمىن شاڭخەي شەھىرىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگەندە، بۇ گەپنى ئاڭلاپ پەرۋا قىلمىغان ئىدى، كېيىن بۇ گەپ بارغانسېرى كەڭ تارقىلىپ كەتكەن، ھەتتا چەت ئەللەردىكى گېزىت - ژۇرناللاردىمۇ خەۋەر قىلىنغان، شۇڭا جياڭ زېمىن شاڭخەيدە ئۆتكۈزۈلگەن بىر قېتىملىق يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنىدا، بۇ ئېغۋاغا رەسمىي رەددىيە بېرىپ مۇنداق دېدى: چەتئەل مېنى يولداش لى شىيەنىيەنىڭ كۈيئوغلى ئىكەن دېگەن پىتنە - ئېغۋا تارقىلىپ يۈرۈپتۇ، بۇگۈن مەن يولداشلارغا شۇنداق جاكارلايمەنكى، بۇ، پۈتۈنلەي ئېغۋا، ئۇتتۇرۇقسىز گەپ. جياڭ زېمىننىڭ ئايالى ۋاڭ يېپىڭ جياڭسۇ ئۆلكىسى ياڭجۇ شەھىرىدىن بولۇپ، جياڭ زېمىن ئىككىسى كىچىكىدىن تارتىپ بىللە ئۆسۈپ چوڭ بولغان، كېيىن ئۇلار توي قىلىپ ئىناق ئەر - خوتۇنلاردىن بولۇپ قالغان.

(«ئائىلە» ژۇرنىلىدىن قىسقارتىپ ئېلىندى)

## بېيجىڭدا ئېقىپ يۈرگەن خادىملار ئىچىدىكى پارتىيە ئەزالىرىغا بولغان باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى

يېقىندا بېيجىڭ شەھەرلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى مەزكۇر شەھەردە ئېقىپ يۈرگەن خادىملار ئارىسىدىكى پارتىيە ئەزالىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتىگە قارىتا كونكرېت پىكىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. شەھەرلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى مۇئۇلارنى تەلەپ قىلدى: پارتىيە ئەزالىرى سىرتقا چىقماقچى بولسا، ئالدى بىلەن پارتىيە ياچېيكىسىغا سىرتقا چىقىش سەۋەبىنى، ۋاقتىنى ۋە بارىدىغان جايىنى ئېيتىشى، مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمە بويىچە تەشكىلىي مۇناسىۋىتىنى يۆتكىشى ياكى پارتىيە ئەزالىق ئىسپات خېتى ئېلىشى لازىم؛ ئۈچ ئايدىن ئارتۇق رەسمىي پارتىيە ئەزاسى كوللېكتىپ سىرتقا چىقماقچى بولسا، ۋاقىتلىق پارتىيە ياچېيكىسى ياكى پارتىيە گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىشى ھەمدە سىرتقا چىقىش ۋاقتى ۋە ئورۇن قاتارلىق ئەھۋاللارغا ئاساسەن تەۋەلىك مۇناسىۋىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشى لازىم؛ ھەر قايسى ئورۇنلاردىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرى بەلگىلىمە بويىچە يۆتكەپ كېلىنگەن پارتىيە ئەزالىرىنىڭ تەشكىلىي مۇناسىۋىتىنى ياكى پارتىيە ئەزالىق ئونۇشتۇرۇشىنى قوبۇل قىلىشى ھەمدە قاتتىق باشقۇرۇشى، تەربىيىلىشى كېرەك؛ ئورنى مۇقىم بولمىغان ياكى قىسقا مۇددەتلىك سىرتقا چىقىپ كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغان ئورۇنلاردىكى پارتىيە ئەزالىرىغا قارىتا پارتىيە تەشكىلىي پارتىيىنىڭ پائالىيەت كۈنى تۈزۈمى، خەت يېزىپ ئالاقىلىشىش تۈزۈمى قاتارلىق تۈزۈملەرنى ئورنىتىپ، ئۇلارنىڭ ئىپادىسىنى ئىگىلەپ تۇرۇشى كېرەك؛ سىرتقا چىققان پارتىيە ئەزالىرى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلسا، ئۇلارغا تەنقىد - تەربىيە بېرىش، زۆرۈر تېپىلغاندا، چارە كۆرۈش كېرەك.

(«تەشكىلات - كادىرلار خىزمىتى گېزىتى»دىن)

## ئۆتكەن يىلى مەملىكەت بويىچە پارتىيىگە 1 مىليون 130 مىڭ ئەزا قوبۇل قىلىندى، پارتىيىگە كىرىش ئۈچۈن ئىلتىماس يازغانلار 9 مىليون 500 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى

مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، 1989 - يىلى مەملىكەت بويىچە پارتىيىگە 1 مىليون 130 مىڭ ئەزا قوبۇل قىلىنغان، 9 مىليون 510 مىڭدىن ئارتۇق پارتىيىگە ئىنتىلگۈچىلەر پارتىيە تەشكىلىگە ئىلتىماس يازغان ھەمدە ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن پارتىيىگە كىرىش ئۈچۈن تىرىشقان. بۇلتۇر پارتىيىگە قوبۇل قىلىنغان يېڭى ئەزالار ئىچىدە ھەر قايسى سەپلەردىكى ئىلغارلار، نەمۇنىچىلار 37.6% نى، ئىشلەپچىقىرىش، پەن - تەتقىقات، ئوقۇ - ئوقۇتۇش، مۇلازىمەت قاتارلىق بىرىنچى سەپتىكى مۇنەۋۋەر ئىشچىلار، دېھقان - چارۋىچى - بېلىقچىلار، زىيالىيلار 54% نى ئىگىلەيدۇ. بۇ يېڭى پارتىيە ئەزالىرى ئىچىدە، 35 ياشتىن تۆۋەن بولغان، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىن يۇقىرى مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە بولغانلار ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. يېڭى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ساپاسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى ۋە پارتىيىگە كىرىشنى ئىلتىماس قىلغان ئاكتىپلارنىڭ كۆپىيىشى، پارتىيىمىزنىڭ ئۇيۇشۇشچانلىقىنىڭ، جەڭگىۋارلىقىنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

(«جەنۇب گېزىتى»دىن)

## مەركەزدىكى رەھبەرىي يولداشلار كادىرلارنىڭ ئاساسىي قاتلاملارغا چۈشۈشى ئۈستىدە توختالدى

مەركەزدىكى بىر رەھبەرىي يولداش يېقىندا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: رەھبەرىي كادىرلار ئاساسىي قاتلاملارغا بېرىشى، ئامما ئارىسىغا بېرىشى كېرەك. بۇ، يۇقىرىدا تۇرۇپ، ئىشخانىدا ئولتۇرۇپ گەپ ساتىدىغان ئىللەتلەرنى ئۆزگەرتىش، كونىرىي ھۆججەت دۆۋىسى، يىغىن قاينىمى، مۇراسىم پائالىيەتلىرى بىلەن بەنت بولۇشتەك نۇقسانلارنى تۈگىتىشتە ئىنتايىن زۆرۈر. لېكىن، پارتىيە بىلەن ئاممىنىڭ ئالاقىسىنى كۈچەيتىش بىر چوڭ تۈرتكە، بۇنىڭدا ھەر خىل يول، ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن ھەر قايسى جەھەتلەردىكى مەسىلەرنى ھەل قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ، كادىرلارنى ئاساسىي قاتلاملارغا ئەۋەتىش بۇنىڭ بىر يولى.

بۇ رەھبەر مۇنداق دېدى: ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنى ئاساسىي قاتلاملارغا ئەۋەتىش پىلانلىق، مەقسەتلىك رەھبەرلىكى بولغان ھالدا بولۇشى كېرەك، بولۇپمۇ رەھبەرىي كادىرلار ئاساسىي قاتلاملارغا بارغاندا، ھەقىقەتەن ئەمەلىيەتتىن ئىزلىشى، شەكىلۋازلىققا قارشى تۇرۇشى كېرەك. رەھبەرلىك جەھەتتىن ئالغاندا، دائىرىدىكى خىزمەتنىڭ ئېھتىياجىغا قارىماي، ئاساسىي قاتلامنىڭ كۆتۈرۈش ئىقتىدارىنى ئويلاشماي، نوقۇل ھالدا تۆۋەنگە چۈشىدىغان ئادەم سانىنىلا قوغلىشىپ، «بىر دەملىك شامال» چىقىرىپ، تېگىشلىك ئۇنۇمگە ئېرىشەلمەسلىك، باشتىن - ئاخىر داۋاملاشتۇرالماسلىقتىن ساقلىنىش لازىم؛ تۆۋەنگە چۈشۈش ئۈچۈنلا چۈشۈپ، نىشانسىز ئىش ئېلىپ بېرىپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ ۋە ئاممىنىڭ مەسىلەرنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بېرەلمەي، قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىشتىن ساقلىنىش لازىم؛ رېئال ئەھۋالدىكى ئۆزگىرىشلەرگە قارىماي، ئىلگىرىكىدەك ياتاقتا، تاماقتا بىللە بولۇشتەك كونكرېت ئۇسۇللارنى مېخانىك ھالدا كۆچۈرۈپ كېلىپ، ئاممىغا قولايسىزلىق تۇغدۇرۇپ قويۇشتىن ساقلىنىش لازىم؛ خىزمەتتىكى سۇبيېكتىپ ھالدا ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ئىش قىلىپ، پارتىيىنىڭ سىياسىتىدىن چەتلەپ كەلسە - كەلمەس پىكىر قىلىپ، قالايمىقان ئەقىل كۆرسىتىپ، ئاساسىي قاتلامدا ۋە ئامما ئارىسىدا سىياسەتنىڭ مۇقىملىقى ۋە ئىزچىللىقىغا گۇمان پەيدا قىلىش، ئىدىيەدە قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىشتىن ساقلىنىش لازىم.

(«تەشكىلات - كادىرلار خىزمىتى گېزىتى»دىن)

## دۆلەت ئەھۋالى ھەققىدىكى تەربىيىنىڭ مەزمۇنى

دۆلەت ئەھۋالى دېگەندە، بىر دۆلەتنىڭ ئىجتىمائىي خاراكتېرى، سىياسىي، ئىقتىسادىي، تارىخىي، جۇغراپىيىلىك ئورنى، مىللىتى، مەدەنىيىتى قاتارلىق جەھەتلەردىكى تۈپ ئەھۋالى ۋە ئالاھىدىلىكى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، بىر دۆلەتنىڭ مەلۇم مەزگىلدىكى تۈپ ئەھۋالى ۋە ئالاھىدىلىكىمۇ كۆزدە تۇتۇلىدۇ. دۆلەت ئەھۋالى ھەققىدىكى تەربىيىنىڭ مەزمۇنى ئومۇمەن تۆۋەندىكى تۆت جەھەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: 1) تەبىئىي دۆلەت ئەھۋالى تەربىيىسى. بۇ، تەبىئىي بايلىق، يەر بايلىقى، مۇھىت - كىلىمات ئەھۋالى، جۇغراپىيىلىك، ئېكولوگىيىلىك ئەھۋال قاتارلىق بىلىم مەزمۇنلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 2) تارىخىي دۆلەت ئەھۋالى تەربىيىسى. بۇ، مىللەتلەرنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى، مىللىي ئەنئەنە، مەدەنىيەتنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە راۋاجلىنىشى، مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ تارىخىي ۋە تەجرىبىسى قاتارلىق بىلىملەرنىڭ مەزمۇنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 3) رېئال دۆلەت ئەھۋالى تەربىيىسى. دۆلەتنىڭ ئىجتىمائىي خاراكتېرى ۋە تۈزۈمى، مائارىپ، ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت تەرەققىيات ئەھۋالى، مىللەت ئەھۋالى، نوپۇس ئەھۋالى، ئىدىيە، ئېتىقاد قاتارلىق بىلىملەرنىڭ مەزمۇنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 4) سېلىشتۇرما دۆلەت ئەھۋالى تەربىيىسى. چەت ئەللەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، پەن - مەدەنىيەت تەرەققىيات ئەھۋالى بىلەن سېلىشتۇرۇش، نوپۇس، تەبىئىي بايلىق، ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قاتارلىق ئەھۋالى بىلەن سېلىشتۇرۇش ۋە ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى بىلەن سېلىشتۇرۇش قاتارلىق بىلىم مەزمۇنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

(«خېيلۇڭجياڭ گېزىتى»دىن)

## دۆلىتىمىزدە ئايال ئىشچىلارنىڭ ئىشلىشى چەكلىنىدىغان ئەمگەكلەر

ئەمگەك مىنىستىرلىكى يېقىندا ئايال ئىشچىلار ئىشلەشكە بولمايدىغان ئەمگەك دائىرىسى ھەققىدە «بەلگىلىمە» چىقاردى. ئايال ئىشچىلار ئىشلەشكە بولمايدىغان ئەمگەكلەر: كانلاردىكى قۇدۇق ئاستى

مەشغۇلاتى؛ ئورمانچىلىقتىكى ياغاچ كېسىش، ياغاچ قىرىش، ياغاچ ئاققۇزۇش قاتارلىق مەشغۇلاتلار؛ «جىسمانىي ئەمگەك سىجىللىقى دەرىجىسى» ئۆلچىمىدىكى 4 - دەرىجىلىك جىسمانىي ئەمگەك سىجىللىقىدىكى مەشغۇلاتلار ۋە توك ئېنېرگىيە، تېلېگراف كەسىپلىرىنىڭ ئېگىزدە سىم تارتىش مەشغۇلاتى؛ ئوتتۇرا ھەر قېتىمدا 20 كىلوگرامدىن ئارتۇق ئېغىر يۈك كۆتۈرىدىغان، ئۈزۈلدۈرۈپ ھەر قېتىمدا 25 كىلوگرامدىن ئارتۇق ئېغىر يۈك كۆتۈرىدىغان مەشغۇلاتلار.

## دۇنيادا ئون خىل ھالەتتە تۇرۇۋاتقان پارتىيەلەر

1. ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرۇۋاتقان كوممۇنىستىك پارتىيە. بۇ سوتسىيالىستىك دۆلەتلەر ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان پارتىيىنى كۆرسىتىدۇ.

2. ئەنئەنىۋى بۇرژۇئا مۇتەئەسسىپلەر پارتىيىسى. بۇ تەرەققىي تاپقان كاپىتالىستىك دۆلەتلەردىكى مونوپول بۇرژۇئازىيىنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان پارتىيىنى كۆرسىتىدۇ.

3. دېموكراتىك سوتسىيالىزم پارتىيىسى. بۇ تەرەققىي تاپقان كاپىتالىستىك ئەللەردىكى سوتسىيالىستلار پارتىيىسى، لىبورىستلار پارتىيىسى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ.

4. ھاكىمىيەت يۈرگۈزمىگەن كوممۇنىستىك پارتىيە.

5. مىللەتپەرۋەرلەر پارتىيىسى. بۇ ئاسىيا، ئافرىقا، لاتىن ئامېرىكىسىدىكى دۆلەتلەردىكى كۆپ ساندىكى ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان پارتىيە ۋە ھاكىمىيەت سىرتىدىكى پارتىيىنى كۆزدە تۇتىدۇ.

6. ئىلمىي سوتسىيالىزمنى يېتەكچى قىلغان مىللەتپەرۋەرلەر پارتىيىسى. ھازىر ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان بۇ خىل پارتىيە 20 گە يېتىدۇ.

7. ھەر خىل ئازادلىق فرونتى تەشكىلاتلىرى، بۇ ئاساسەن، ئاسىيا، ئافرىقا رايونلىرىدا.

8. ئېكولوگىيىزملىك پارتىيە. مەسىلەن، يېشىل پارتىيە، ئېكولوگىيىلىك پارتىيە قاتارلىقلار.

9. رايون خاراكتېرلىك پارتىيە. رايون دائىرىسى، ياكى ئاز سانلىق مىللەتلەر زىچ توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلار ئاساس قىلىنىپ تەشكىللەنگەن پارتىيە.

10. ئىنتايىن ئوڭ ياكى ئىنتايىن سول پارتىيە. بۇ تۈرلۈك فاشىستىك پارتىيە ۋە مونارخىست پارتىيەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

(«فۇجيەن ياچېيكا تۇرمۇشى»دىن)

## 2 - دۇنيا ئۇرۇشى قانداق قوزغالغان؟

1939 - يىل 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى تاڭ ئېتىشتىن ئاۋۋال، پولشاچە ھەربىي كىيىم كىيگەن بىر تۈركۈم جىنايەتچىلەر جازالاگېرىدىن ئېلىپ چىقىلدى، بىر دەملىك مىلتىق ئاۋازىدىن كېيىن، بۇ جىنايەتچىلەرنىڭ قېنى دەريا بولۇپ ئاقتى. نېمىس ئەسكەرلىرى ئېتىلغان جىنايەتچىلەرنىڭ جەسەتلىرىنى گېرمانىيە چېگرىسىدىكى بىر قاراۋۇلخانىنىڭ ئەتراپىغا ئاپىرىپ تاشلىدى. نېمىسلار شۇ ئارقىلىق كىشىلەرگە بۇ پەردە ئۆلگەنلەر تۈن كېچىدە گېرمانىيە چېگرىسىغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلغانلىقتىن، بۇ يەرنى مۇھاپىزەت قىلىۋاتقان ھەربىي قىسىم تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن پولشا ئەسكەرلىرى دېگەن مەقسەتنى بىلدۈرمەكچى ئىدى. ئارقىدىنلا، شۇ كۈنى تاڭ سەھەر سائەت 5 تىن 45 مىنۇت ئۆتكەندە، گېرمانىيىنىڭ زور بىر تۈركۈم ئەسكەرلىرى پولشاغا باستۇرۇپ كىرىپ، 2 - دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ مۇقەددىمىسىنى باشلىدى. تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن بۇ چوڭ ئۇرۇشنى گېرمانىيىلىك ئادولف گىتلېر قوزغىغان. ئۇ يۇقىرىدىكى جىنايەتچىلەرنى يالغاندىن پولشا ئەسكەرلىرى قىلىپ ياساپ، پولشا ئەسكەرلىرى كېچىدە گېرمانىيە چېگرىسىغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلدى دېگەن ئويۇننى پەيدا قىلىپ، ئۇنى پولشاغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشنىڭ باھانىسى قىلغان.

9 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، شۇ چاغدىكى ئەنگلىيە باش ۋەزىرى چېمبېرلىن بىلەن فرانسىيە زۇڭلىسى دالادىر ئايرىم-ئايرىم ھالدا گېرمانىيە ئارمىيىسىگە ئۇرۇش ئېلان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن 2 - دۇنيا ئۇرۇشى باشلىنىپ كەتتى.

(«جېجياڭ رادىئو - تېلېۋىزىيە گېزىتى»دىن)

## بۇ يىل كۈنگە ئاز قاقلانغان ياخشى

ئەڭ يېڭى ئاسترونومىيىلىك ماتېرىياللارنى تەتقىق قىلىشتىن قارىغاندا، 1990 - يىلى 22 - قۇياش ھەرىكىتى دەۋرىنىڭ 5 - يىلى ئىكەن. قۇياش دېغى قۇياش چېغى ئەتراپىنىڭ ۋە كۈچلۈك دەرىجىدىكى بىردىنلا ئۆرلىنىپ كېتىش رادىئاتسىيىسىدىن پەيدا بولغان ھەر خىل زىيانلىق ئېنېرگىيىلەر يەر شارىدىكى ئاتموسفېرانىڭ ئوزون قاتلىمىنى زور دەرىجىدە بۇزۇۋەتكەنلىكتىن، ھەر خىل ۋىرۇسلار بىردىنلا پەيدا بولىدۇ ۋە شىددەت بىلەن كۆپىيىدۇ.

(ئاخىرى 36 - بەتتە)

# سوتسيالىستلار پارتىيىسىدىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگىچە

## — جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى نامىنىڭ بېكىتىلىش جەريانى

لىي لياڭ

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى دېگەن نامىنىڭ بېكىتىلىشى سوتسيالىستلار پارتىيىسى، كوممۇنىستىك پارتىيە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى دەپ ئاتىلىش جەريانىنى باشتىن كەچۈردى.

1920 - يىلى 8 - ئايدا شاڭخەيدە قۇرۇلغان كوممۇنىستىك گۇرۇپپا پارتىيىمىزنىڭ دەسلەپكى مەزگىللەردە قۇرغان ئۇنجى تەشكىلاتى بولۇپ، ئۇ پارتىيە قۇرۇش ئىشىنىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. بۇ گۇرۇپپا دەسلەپكى ۋاقىتلاردا يەنى 1920 - يىلى 5 -، 6 - ئايلاردىن باشلاپ غولغۇلا قىلىنىپ، 9 - ئاينىڭ باشلىرىدا قۇرۇلغانغا قەدەر «سوتسيالىستلار پارتىيىسى» دەپ ئاتالغان ئىدى. دەسلەپتە پارتىيىمىزنى قۇرۇش خىزمىتىگە قاتناشقان جاڭ شىنفۇنىڭ ئەسلىشىچە: «پارتىيىمىزنىڭ ئاساس سالغۇچى تەشكىلاتى تەخمىنەن 1920 - يىل 8 - ئاينىڭ باشلىرىدا شاڭخەيدە رەسمىي قۇرۇلغان بولۇپ، شۇ چاغدا ئۇ سوتسيالىستلار پارتىيىسى دەپ ئاتالغانىدى». 1920 - يىل 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى نەشر قىلىنىپ تارقىتىلغان «يېڭى ياشلار» ژۇرنىلىدا چېن دۇشيۇ «مېنىڭ ۋەزىيەتكە بولغان قارىشىم» دېگەن ماقالىسىدا «پارتىيىمىز» دېگەن سۆزنى ئوتتۇرىغا قويغان ھەمدە «سوتسيالىستلار پارتىيىسى» دېگەن نامنى ئىشلەتكەن. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، پارتىيىنىڭ شاڭخەيدىكى ئاساس سالغۇچى تەشكىلاتى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە ئۆز نامىنى «سوتسيالىستلار پارتىيىسى» دەپ ئاتىغان.

نېمە ئۈچۈن بۇ مەزگىلدە «سوتسيالىستلار پارتىيىسى» دېگەن نام قوللىنىلدۇ؟ چۈنكى، بىرىنچى، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى جۇڭگودا تەشۋىق قىلىنغاندا، كىشىلەر روسىيە سوتسيال-دېموكراتلار پارتىيىسىنى سوتسيالىستلار پارتىيىسى دەپ ئاتىغان، ئىككىنچى، كوممۇنىستىك گۇرۇپپا قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، ئۇنىڭ تەركىبى بىر قەدەر مۇرەككەپ ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە كۆپىنچىسى دەسلەپكى كوممۇنىستىك ئىدىيىگە ئىگە زىيالىيلار بولسىمۇ، لېكىن، يەنە بۇرژۇئازىيىنىڭ ۋەكىللىرى، ھۆكۈمەت ئەزالىرى، ئىسلاھاتچىلارمۇ بار ئىدى، مەسىلەن، خۇخەنمىن، دەي جىتاۋ، جاڭ دۇڭسۈن قاتارلىقلار. جاڭ شىنفۇ «سوتسيالىستلار پارتىيىسى» دەپ ئاتاشنىڭ سەۋەبى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دېدى: چۈنكى ئاشۇنداق كىشىلەرمۇ قاتناشقانلىقى ئۈچۈن، «كوممۇنىستىك پارتىيە» دەپ ئاتىسا ئۇلارنىڭ قوبۇل قىلالماسلىقىدىن ئەنسىرەپ «سوتسيالىستلار پارتىيىسى» دەپ ئاتىغان. شاڭخەي گۇرۇپپىسىنىڭ ئاساسلىق تەشكىلاتچىسى چېن دۇشيۇ ئەينى ۋاقىتتا تەشكىلگە كۆپرەك ئادەم قاتناشتۇرۇشنى ئارزۇ قىلىپ، «سوتسيالىستلار پارتىيىسى» دېگەن نامنى قوللانغان.

1920 - يىلى 8 - ئايدا، شاڭخەيدە كوممۇنىستىك گۇرۇپپا قۇرۇلۇشنىڭ ئالدى - كەينىدە خۇخەنمىن، دەي جىتاۋ، جاڭ دۇڭسۈن قاتارلىق كىشىلەرنىڭ دەسلەپكى قەدەمدە كوممۇنىستىك ئىدىيىگە ئىگە بولغان گۇرۇپپا ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئىدىيىۋى تونۇش جەھەتتىكى ئىختىلاپى بارغانسېرى كۆپىيىپ كەتكەنلىكتىن، ئۇلار ئارقا - ئارقىدىن گۇرۇپپىنىڭ پائالىيىتىدىن ئايرىلىپ چىققان. بۇ چاغدا چېن دۇشيۇ لى داجاۋ بىلەن جاڭ شىنفۇغا خەت يېزىپ، شاڭخەيدە پارتىيە قۇرۇش ئەھۋالىنى تونۇشتۇرغان ھەمدە پارتىيە تەشكىلىنى سوتسيالىستلار پارتىيىسى دەپ ئاتاش كېرەكمۇ، ياكى كوممۇنىستىك پارتىيە دەپ ئاتاش كېرەكمۇ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ئۇلاردىن مەسلىھەت ئالغان. لى داجاۋ روسىيە سوتسيال - دېموكراتلار پارتىيىسى كوممۇنىستىك پارتىيىگە ئۆزگەرتىلدى، باشقا بەزى

دۆلەتلەرمۇ سوتسىيالىستلار پارتىيىسىنى كوممۇنىستىك پارتىيىگە ئۆزگەرتتى، ياكى ئۆزگەرتمەكچى بولۇۋاتىدۇ، شۇڭا، كوممۇنىستىك پارتىيە دەپ ئاتىغان ياخشى، دەپ قارىغان ھەمدە كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ ۋەكىلى ۋىدىنسكىدىن پىكىر ئالغان. ئاندىن جاڭ شىنفۇ قەلەم تەۋرىتىپ، چېن دۇشيۇغا جاۋاب خەت يېزىپ، سوتسىيالىستلار پارتىيىسى دېمەي كوممۇنىستىك پارتىيە دەپ ئاتاشنى ئېيتقان. بۇ خەت 8 - ئاينىڭ ئاخىرىدا بېيجىڭدىن شاڭخەيگە ئەۋەتىلگەن. ئۇزۇن ئۆتمەيلا، چېن دۇشيۇ جاۋاب خەت يېزىپ: «خېتىڭلارنى تاپشۇرۇپ ئالدىم. شۇ چاڭ (لى داجياۋ) بىلەن سىز مۇزاكىرىلەشكەن نام بويىچە كوممۇنىستىك پارتىيە دەپ ئاتايلى» دېگەن. چېن دۇشيۇنىڭ 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئېلان قىلغان ماقالىسىدا يەنىلا سوتسىيالىستلار پارتىيىسى دەپ ئاتالغانلىقىدىن قارىغاندا، كوممۇنىستىك پارتىيە دېگەن نام 1920 - يىل 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن كېيىن قوللىنىلغان. 1920 - يىل 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى شاڭخەيدىكى كوممۇنىستىك گۇرۇپپا ماركسىزم - لېنىنىزمنى ۋە پارتىيىمىزنىڭ سىياسىي تەشەببۇسىنى تەشۋىق قىلىشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، پارتىيىمىزنىڭ تۇنجى رەسمىي ژۇرنىلىنى نەشر قىلدى. بۇ ژۇرنال پارتىيىمىزنىڭ نامى بىلەن «كوممۇنىستىك پارتىيە» دەپ ئاتالغان ئايلىق ژۇرنال ئىدى. بۇ ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان قىسقا ئوبزورلاردا «كوممۇنىستىك پارتىيىمىز» دەپ ئاتالدى. بۇنىڭدىن، تەخمىنەن 1920 - يىل 9 - ئاينىڭ باشلىرىدىن تارتىپ 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنىگىچە پارتىيە تەشكىلىنىڭ كوممۇنىستىك پارتىيە دەپ ئاتالغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

1920 - يىل 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنىدىن كېيىن شاڭخەيدىكى كوممۇنىستىك گۇرۇپپا پارتىيىگە ئاساس سالغۇچى بولۇش سۈپىتى بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تەشكىلاتلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە تەييارلىق قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن شاڭخەيدىكى كوممۇنىستىك گۇرۇپپا 1920 - يىلى 11 - ئايدا قارار قىلغان پارتىيىنىڭ تۇنجى خىتابنامىسىنى «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى خىتابنامىسى» دەپ ئېنىق ئاتىدى. بۇنىڭدىن پارتىيىمىزنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى دېگەن نامى 1920 - يىل 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنىدىن كېيىن قوللىنىلغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. 1921 - يىلى 7 - ئايدا پارتىيىمىزنىڭ تۇنجى مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيى ئېچىلىپ، پارتىيىمىزنىڭ تۇنجى پروگراممىسى ماقۇللاندى. پارتىيە پروگراممىسىدا پارتىيىنىڭ نامى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى دەپ ئېنىق بەلگىلەندى.

(بېشى 31 - بەتتە)

ئىشلىرى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇلدى. شىركەت باللار باغچىسى، باللار يەسلىسى مەخسۇس مىللىي باللار سىنىپى ئاچتى، ھازىر باللار ئوقۇتقۇچىسى 20 نەپەرگە يەتتى، مىللىي ئوتتۇرا باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ھازىر 565 نەپەر ئوقۇغۇچى بار، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچىلىرى 118 گە يەتتى، ئاز سانلىق مىللەت مائارىپى سىستېما بولۇپ شەكىللىنىپ، ئوقۇتۇش سۈپىتى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، ئۈچ يىلدىن بۇيان، 49 نەپەر ئوقۇغۇچى ئالىي مەكتەپ ۋە تېخنىكوملارغا كىردى. بۇلتۇر مەبلەغ بىر قەدەر جىددىي بولغان ئەھۋالدا، 3371 كۋادرات مېتىر مىللىي مەكتەپ ئوقۇتۇش بىناسى سېلىندى. ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۈچۈن ئۆت قارار خەنزۇ تىل ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىلدى، 134 نەپەر ئوقۇغۇچى بۇ كۇرستا ئوقۇش ئارقىلىق خەنزۇچە سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ خىزمەت ۋە ئۆگىنىش شارائىتىنى ياخشىلىدى. ئاز سانلىق مىللەت مالىيە، بوغالتىر، كارخانا باشقۇرۇش كەسپىي خادىملىرى ۋە ئوتتۇرا، يۇقىرى دەرىجىلىك ئىختىساسلىق خادىملارنىڭ يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، شىركەت يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ھەرخىل شەكىللەرنى قوللىنىپ، ھەر خىل يوللار بىلەن پىلانلىق، ئۇقتىلىق ھالدا 105 نەپەر يولداشنى جايلارغا ئەۋەتىپ بىلىم ئاشۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

# سوۋېت ئىتتىپاقىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەتكەن مىللىي مەسىلە

ليۇ جىڭرۇڭ

سوۋېت ئىتتىپاقى — كۆپ مىللەتلىك دۆلەت، ئۇنىڭ 15 ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتىدە جەمئىي 130 دىن ئارتۇق چوڭ - كىچىك مىللەت بار، بۇنىڭ ئىچىدە رۇس مىللىتى ئومۇمىي ئاھالىنىڭ تەخمىنەن 50 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ، ھەر بىر ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەت ئاساسەن بىر قەدەر چوڭراق بولغان بىر مىللەت ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان، باشقا بەزى مىللەتلەر قوشۇمچە قىلىنغان ھالدا شەكىللەنگەن.

مىللىي مەسىلە ئەزەلدىن سوۋېت ئىتتىپاقىدا زور گەۋدىلىك مەسىلە بولۇپ كەلمەكتە. گورباچېۋ تەختكە چىققاندىن كېيىن قازاقىستاننىڭ پايتەختى ئالمۇتادا بىرىنچى قېتىم مىللىي توقۇنۇش يۈز بەرگەن. 1986 - يىل ئاخىرىدىن باشلاپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدا مىللىي زىددىيەت كۈندىن - كۈنگە كەسكىنلەشتى، مالىمانچىلىق بارلىق ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتنى دېگۈدەك قاپلاپ كەتتى، ئۇنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلىمۇ بارغانسېرى كەسكىنلىشىپ، نامايىش قىلىش، ئىش تاشلاشتىن قىسمەن رايونلاردىكى قوراللىق توقۇنۇشقا تەرەققىي قىلدى. بۇ، قاتمۇ - قات قىيىنچىلىققا بوغۇلغان سىياسىي ۋەزىيەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئىچىشقان يەرگە تۇز سەپكەنلىك بولدى، شۇنداقلا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىغا ۋە خەلقنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلكىگە زور زىيانلارنى كەلتۈردى. خەۋەرلەرگە قارىغاندا، 1989 - يىلىدىلا مىللىي زىددىيەت تۈپەيلىدىن قوزغالغان ئىش تاشلاش 2 مىليارد رۇبلىي ئىقتىسادىي زىيان كەلتۈرگەن. 1986 - يىلدىن بۇيان، نەچچە مىڭ كىشى مىللىي توقۇنۇشتا ئۆلگەن ۋە يارىدار بولغان، 500 مىڭدىن ئارتۇق كىشى مۇساپىر بولۇپ قالغان، بۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تىنچ دەۋرىدە ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان ئەھۋالدۇر.

سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى مىللىي زىددىيەت چىگىش، مۇرەككەپ بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى ئاساسەن مۇنداق ئۈچ خىل ئەھۋالغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

## بىرىنچى، ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەت بىلەن مەركىزىي كومىتېت ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت.

سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى بەزى ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلەر ئەسلىدە مۇستەقىل دۆلەت ئىدى، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىنكى 20 - يىللار ۋە 2 - دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئالدى - كەينىدە سوۋېت ئىتتىپاقىغا قوشۇلۇپ كەتكەن. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاساسىي قانۇنىغا ئاساسەن ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلەر ئىختىيار قىلغان ۋاقىتتا ئىتتىپاقتىن چىقىپ كېتىش ھوقۇقىغا ئىگە. لېكىن 1922 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى قۇرۇلغاندىن بۇيان، ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتتىن بىرەرسىمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن چىقىپ كەتمىگەن. يېقىنقى بىر قانچە يىلدا مىللەتلەرنىڭ «ئۆز ئىگى» ئەۋج ئالغاچقا، بەزى ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلەر مۇستەقىل بولۇشنى تەشەببۇس قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئايرىلىپ كېتىشنى تەلەپ قىلىش خاھىشى تېز تەرەققىي قىلدى. بۇ خىل خاھىش بالتىق دېڭىزى قىرغىقىدىكى لىتۋا، لاتۋىيە، ئېستونىيىدىن ئىبارەت ئۈچ ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتتە ھەممىدىن روشەن كۆرۈلدى. بۇ ئۈچ ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەت 1918 - يىلى مۇستەقىللىقنى ئېلان قىلغان دۆلەت ئىدى ھەمدە رۇسىيە ئىتتىپاقى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان ئىدى. 1939-يىلى

سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن گېرمانىيە شەرقىي ياۋروپادىكى مەنپەئەت دائىرىسىنى ئايرىش ھەققىدە مەخپىي كېلىشىم تۈزگەن، لىتۋا، لاتۋىيە، ئېستونىيىنى سوۋېت ئىتتىپاقى دائىرىسىگە ئايرىغان. مۇشۇنىڭغا ئاساسەن، سوۋېت ئىتتىپاقى 1940-يىلى 6-ئايدا بۇ ئۈچ دۆلەتنى ھەربىي ئىشغال قىلدى، ئارقىدىنلا بۇ ئۈچ جۇمھۇرىيەتنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا كىرگەنلىكىنى جاكارلىدى، سوۋېت ئىتتىپاقى ئىلگىرى مەخپىي كېلىشىمنامىدىن تېنىۋالغان ئىدى، 1989 - يىلى 12 - ئايدا ئېچىلغان سوۋېت ئىتتىپاقى خەلق قۇرۇلتىيىدا، كېلىشىمنامىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئېتىراپ قىلىندى ھەمدە كېلىشىمنامە «قانۇنسىز»، «ئىناۋەتسىز» دەپ قارالدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئۈچ ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتنى مۇستەقىل بولۇشنى تەلەپ قىلىشقا كۈچلۈك ئاساس بىلەن تەمىنلىدى. 1988 - يىلدىن بۇيان، لاتۋىيە ۋە ئېستونىيىدە قۇرۇلغان «خەلق فورۇنتى» ھەمدە لىتۋادا قۇرۇلغان «ئىسلاھات ھەرىكىتىنى قوللىغا كەلتۈرۈش» تەشكىلاتى ئىسلاھاتنى قوللاش ۋېۋىسكىسىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، «ئۆز - ئۆزىنى ئىدارە قىلىش»نى تەلەپ قىلدى، «غەربىي زورلۇق كۈچ ۋاستىسى» ئارقىلىق مۇستەقىل بولۇش مەقسىتىگە يېتىشنى تەشەببۇس قىلدى. لىتۋا ھەممىدىن بۇرۇن پارتىيىنى سوۋېت كوممۇنىستىك پارتىيىسىدىن ئايرىۋەتتى. ئۆتكەن يىلى 12 - ئايدا، لىتۋا كوممۇنىستىك پارتىيىسى پەۋقۇلئاددە قۇرۇلتاي ئېچىپ، «مۇستەقىللىق خىتابنامىسى»نى ماقۇللىدى، ئۇنىڭدا «مۇستەقىل، دېموكراتىك لىتۋا دۆلىتى» قۇرۇش ئاساسىي نىشان قىلىندى. بۇ يىل 3 - ئاينىڭ 11 - كۈنى لىتۋا ئالىي سوۋېتى ئەمىر - پەرمان ماقۇللاپ، مۇستەقىللىقنى جاكارلىدى، ئاساسىي قانۇن، دۆلەت بايرىقى ۋە دۆلەت گېربىنى بەلگىلىدى. لېكىن ئۇنى سوۋېت ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى ئېتىراپ قىلمىدى. شۇنىڭدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئېچىلغان سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 3 - قېتىملىق خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىدا لىتۋاغا داۋاملىق ھوقۇق يۈرگۈزىدىغانلىقى جاكارلاندى. ئېستونىيە ئالىي سوۋېتى ئۆتكەن يىلى 11 - ئايدا قارار ماقۇللاپ، 1940 - يىلدىكى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قوشۇلۇش خىتابنامىسىنىڭ ئىناۋەتسىز ئىكەنلىكىنى جاكارلىدى، بۇ يىل 1 - ئايدا لاتۋىيە كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ئومۇمىي يىغىنى بۇ يىل 6 - ئايدا پارتىيە قۇرۇلتىيىنى ئېچىپ پارتىيىنىڭ ئورنى مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىش بېكىتتى. ھازىر يۇقىرىقى ئۈچ ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتتىكى ئىشچىلار تۈبۈشمىسى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى قاتارلىق تەشكىلاتلار سوۋېت ئىتتىپاقى تەشكىلاتلىرىدىن ئايرىلىپ چىقتى. سوۋېت ئىتتىپاقى رەھبەرلىرى بۇ خىل ۋەزىيەتكە قارىتا قايتا - قايتا سۆز بىلەن قايىل قىلىش خىزمىتى ئىشلەپ بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئۈنۈمى بولمىدى. مولداۋىيە، غەربىي ئۇكرائىنا، ئەزەربەيجان، گرۇزىيە قاتارلىق جۇمھۇرىيەتلەردىمۇ مۇستەقىللىقنى تەلەپ قىلىش ساداسى ناھايىتى كۈچلۈك بولماقتا.

**ئىككىنچى، ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مىللىي زىددىيەت.** بۇ يىل 1 - ئايدا كاپكاز رايونىدىكى ئەزەربەيجان بىلەن ئەرمىنىيە ئوتتۇرىسىدا قوراللىق توقۇنۇش يۈز بەردى. 1988 - يىلى 2 - ئايدا ئەزەربەيجان چېگرا رايونىدىكى ئەرمىنىيىلىكلەرنىڭ ناگارنا قاراباغ ئاپتونوم ئوبلاست سوۋېتى قارار ماقۇللاپ، ئەرمىنىيە جۇمھۇرىيىتىگە قوشۇلۇپ كېتىشنى تەلەپ قىلغان، لېكىن بۇنىڭغا ئەزەربەيجان تەرەپ قوشۇلمىغان، شۇنىڭ بىلەن ئەزەربەيجان مىللىتى ئەرمەن مىللىتىگە قارشى دولقۇن قوزغىغان، مانا بۇ قوراللىق توقۇنۇش كېلىپ چىقىشتىكى سەۋەبتۇر. ئىككى تەرەپ تالاش - تارتىش قىلىۋاتقان ئەھۋالدا، 1989 - يىلى 1 - ئايدا، سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىي سوۋېتى ھەيئەت رىياسىتى ناگارنا قاراباغ ئاپتونوم ئوبلاستى ئالاھىدە باشقۇرۇش كومىتېتىنى قۇرۇش مەسىلىسىنى قويۇپ تۇرۇش توغرىسىدا قارار چىقاردى. لېكىن بۇ ئوبلاست 6 - ئايدا ئاچقان «تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىللەر يىغىنى»دا،

مىللىي كومىتېت قۇرۇپ، مۇستەقىل بولغانلىقىنى جاكارلىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، زىددىيەت ئېغىر ئۆتكۈرلىشىپ، ئىككى مىللەت ئوتتۇرىسىدا ئۈزلۈكسىز توقۇنۇش بولۇپ تۇردى، بۇ يىل 1 - ئاينىڭ باشلىرىدا، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا يەنە توقۇنۇش يۈز بېرىپ، قورال ئىشلىتىلگەچكە، ئىككى جۇمھۇرىيەت ئۇرۇش ھالىتىگە ئۆتتى. سوۋېت ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى بۇ رايونغا ھەربىي قوشۇن ئەۋەتكەندىن كېيىن ۋەزىيەت پەسەيدى.

## ئۈچىنچى، ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلەر ئىچىدىكى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت.

بەزى ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلەر ئىچىدىكى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت ۋە توقۇنۇش مەۋجۇت بولۇپلا قالماستىن، بەلكى مىللىي رايونلار بىلەن ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەت دائىرىلىرى ئوتتۇرىسىدىمۇ قاتمۇ - قات زىددىيەت مەۋجۇت. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا ھەر قايسى ئاز سانلىق مىللەتلەر سانىنىڭ ئاز - كۆپلۈكىگە ۋە باشقا شەرتلەرگە ئاساسەن، ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەت، ئاپتونوم جۇمھۇرىيەت، ئاپتونوم ئوبلاست ۋە مىللىي رايون قۇرۇش؛ ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتى، ئاپتونوم ئوبلاستلار ئۆزى تۇرۇشلۇق جايدىكى ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتكە كىرىشى ھەمدە ئۆزى كىرگەن ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەت ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا كىرىشى بەلگىلەنگەن. لېكىن ھازىر بەزى ئاز سانلىق مىللەت ئاپتونومىيە جۇمھۇرىيىتى ۋە ئاپتونوم ئوبلاستى ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتتىن ئايرىلىشنى تەلەپ قىلماقتا. بۇ خىل رايون خاراكتېرلىك مىللىي زىددىيەت، كۆپ ھاللاردا، يەرلىك بىلەن مەركىزىي كومىتېت ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

## تۆتىنچى، رۇس مىللىتى بىلەن باشقا مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت.

بۇ زىددىيەت، ئەمەلىيەتتە، سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى مىللىي زىددىيەت ئىچىدىكى ئاساسىي زىددىيەت بولۇپ كەلمەكتە. نۆۋەتتە، باشقا مىللەتلەرنىڭ «رۇس مىللىتىنى چەتكە قېقىش كەيپىياتى»نىڭ ئۆسۈپ قېلىشى ۋە رۇسلارنىڭ «مىللىي ئويغىنىشى» بۇ زىددىيەتنىڭ ئالاھىدىلىكىدۇر. رۇسلارنىڭ «مىللىي ئويغىنىشى» ئېتىبار بېرىشكە ئەرزىيدۇ. چۈنكى، ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى مىللىي زىددىيەتنى ئېغىر چوڭقۇرلاشتۇرۇشى ۋە ئۆتكۈرلەشتۈرۈۋېتىشى مۇمكىن. چار پادىشاھ دەۋرىدە بۈيۈك رۇس شوۋىنىزمى يولغا قويۇلۇپ، قوشنا دۆلەتلەرنىڭ زېمىنى بېسىۋېلىنغان، ستالىن دەۋرىدە ئۈزلۈكسىز ھالدا زېمىن كېڭەيمىچىلىكى يولغا قويۇلۇشى، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا ئاھالە كۆچۈرۈش قاتارلىق تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، نۇرغۇن رۇسلار ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا بېرىپ ئولتۇراقلاشقان. ھەر قايسى مىللەتلەر مىللىي ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئارقا - ئارقىدىن كۈرەش قىلىۋاتقان ھازىرقى ۋاقىتتا، باشقا ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلەردە ئولتۇراقلاشقان رۇسلار چەتكە قېقىشقا ئۇچرىغانلىقتىن، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ «ئادىلسىز» ئورۇندا تۇرغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ھوقۇقنى قولغا كەلتۈرۈش ئارزۇسىنى كۈچلۈك ئىپادىلىگەن، شۇنداقلا بىر قاتار ھەرىكەتلەرنى قوللانغان. بۇ باشقا مىللەتلەرنىڭ ھوشيارلىقىنى قوزغىغان. رۇسىيە ئىتتىپاقى ئالىي سوۋېتىنىڭ رەئىسى ۋوروتنىكوۋ: بەزىلەرنىڭ «رۇس كوزىرى ئوينىشى»دىن ھوشيار بولۇش كېرەك دەپ ئاگاھلاندۇرغان.

سوۋېت ئىتتىپاقى تارىخىدا، مىللىي زىددىيەت ئەزەلدىن بۈگۈنكىدەك ئۆتكۈر، مۇرەككەپ بولمىغان. بۇنىڭ سەۋەبى ئىنتايىن مۇرەككەپ بولۇپ، ھەر خىل ئامىللار ئۆزئارا رول ئوينىغان، ئۆزئارا بىر - بىرىگە تەسىر كۆرسەتكەن.

بىرىنچىدىن، تارىخىي سەۋەبتىن قارىغاندا، مۇنداق ئىككى سەۋەب بار. بىرى، بەزى مىللەتلەر ئارىسىدا ئۇزۇندىن بۇيان ئالاش - تارتىش ۋە ئۆچمەنلىك ساقلىنىپ كەلگەن. مەسىلەن، ئەزەربەيجان مىللىتى بىلەن ئەرمەن مىللىتى ئوتتۇرىسىدا 15 -

ئەسىردىن 16 ـ ئەسىرگىچە ھۆكۈم سۈرگەن ئوسمان ئىمپېرىيىسى مەزگىلىدىلا تۈجمەنلىك پەيدا بولغان، سوۋېت ھاكىمىيىتى قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن ئىككى مىللەت ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا قىرغىنچىلىق بولغان. يەنە بىرى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇزۇندىن بۇيانقى مىللىي سىياسەت جەھەتتىكى سەۋەنلىكى بۈگۈنكى مىللىي زىددىيەتنىڭ ئۆتكۈرلىشىشىگە يوشۇرۇن ئاپەت قالدۇرغان. شۇنى ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇكى، نەچچە ئون يىلدىن بۇيان، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئىشلىرى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى، سوۋېت ئىتتىپاقى دائىرىلىرىمۇ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە بىر قەدەر ئەھمىيەت بەردى. لېكىن ستالىن، خرۇششېۋ ۋە برېژنېپ قاتارلىق سابىق رەھبەرلەر سوۋېت ئىتتىپاقىدا مىللىي مەسىلىنىڭ ھەل قىلىنىشىنى تولىمۇ يۇقىرى مۆلچەرلەپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدا مىللىي مەسىلە «ھەل بولدى» دەپ قارىغان؛ سوۋېت ئىتتىپاقى رەھبەرلىرىمۇ بۈيۈك رۇس شوۋىنىزمىگە قارشى تۇرۇشنى تەكىتلىدى، ئەمەلىيەتتە بولسا رۇس مىللىتىنى ھەددىدىن زىيادە تەرغىب قىلدى، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا «يېقىنلىشىشى»نى ھەددىدىن زىيادە تەكىتلىدى. رۇس تىلىنى كېڭەيتىشكە ئالدىراپ كەتتى، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆز تارىخىنى بايان قىلىشىغا زورلۇق بىلەن ئارىلاشتى، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئالاھىدە ئىقتىسادىي ئېھتىياجى ۋە مەنىۋى ئېھتىياجىغا دېگەندەك ئەھمىيەت بەرمىدى، يۇكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشكەن ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ ئىگىلىكنى ئۆزى ئىدارە قىلىش ھوقۇقىنى چەكلەپ قويۇپ، جۇمھۇرىيەت بىلەن مەركىزىي كومىتېتنىڭ مۇناسىۋىتىنى جىددىيلەشتۈرۈپلا قويماي، شۇ جايدىكى مىللەتلەرنىڭمۇ نارازىلىقىنى قوزغىدى.

ئىككىنچىدىن، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، گورباچېۋنىڭ «يېڭى تەپەككۇرى»نىڭ يېتەكچىلىكىدە، سوۋېت ئىتتىپاقى ئاشكارا بولۇش ۋە دېموكراتىيىلىشىشنى تەشەببۇس قىلىپ، تارىختىكى ھەر خىل ئادىل بولمىغان ئۇسۇللارنى تۈزىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇزۇن مۇددەت بوغۇپ قويۇلغان مىللىي ھېسسىياتقا پارتلاش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىپ، مىللەتلەرنىڭ مىللىي ھېسسىياتىنىڭ كۈچىيىشىگە ئىمكانىيەت تۇغدۇرۇپ بەردى، مۇستەقىللىق خاھىشىنى تېز راۋاجلاندۇرۇۋەتتى.

ئۈچىنچىدىن، خەلقئارا ئامىل ۋە دىنىي زىددىيەت مىللىي مەسىلىنى مۇرەككەپلەشتۈرۈۋەتتى. بەزى غەرب ئەللىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدا يۈز بەرگەن مىللىي توپىلاڭغا نىسبەتەن ئوت قويرۇقلۇق قىلدى، ئاخبارات خەۋەرلىرىدە پاكىتنى مۇبالىغىلەشتۈرۈپ، ئۇنى تېخىمۇ ئەۋج ئالدۇردى. بەزىلەر مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ ھەرىكەتلىرىنى ئاشكارا قوللىدى. شەرقىي ياۋروپا ۋەزىيىتىدىكى ئۆزگىرىشنىڭ بەزى مىللىي رايونلارغا بولغان تەسىرىنى تۆۋەن مۆلچەرلەشكە بولمايدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى نۇرغۇن ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ چەت ئەللەردە كۆپلىگەن مۇھاجىر ۋە تۇرۇق ئەۋلادلىرى بار. ئۇلارنىڭ دۆلەت ئىچى بىلەن ئىرماش ـ چىرماش مۇناسىۋىتى بار. ئۇلارنىڭ سوۋېت ھاكىمىيىتىگە بولغان نارازىلىقى ۋە رۇسلارغا قارشى ھېسسىياتى دۆلەت ئىچىدىكى ۋەتەنداشلىرىغا تەسىر يەتكۈزمەي قالمايدۇ. بەزىلەر ھەتتا چەت ئەللەرنىڭ قوللىشىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن تەلەپ قىلدى. دىنىي زىددىيەت مىللىي زىددىيەت ئىچىدىكى ئىنتايىن مۇرەككەپ ئامىل بولۇپ، ئۇ ھەمىشە زىددىيەتنى ۋە توقۇنۇشنى مۇرەككەپلەشتۈرىدۇ. ئۆتكەن يىلى 12 ـ ئايدا ئوكرائىنادا يۈز بەرگەن بىرلەشكەن كاتولىك دىنىي مۇرتلىرى بىرلىشىش مەزھەپدىكىلەرنىڭ شەرقىي رۇس چېركاۋىنى زورلۇق بىلەن ئىگىلىۋېلىش ۋەقەسى ئىنتايىن تىپىك ۋەقەدۇر.

بۇ بىر قانچە يىلدىكى ئەھۋالدىن قارىغاندا، بايانات ئېلان قىلىش، سۆز بىلەن قايىل قىلىش خىزمىتى ئىشلەش ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى مىللىي زىددىيەتنى ھەل قىلغىلى ۋە مالىمانچىلىقنى تىنچىتقىلى بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ، بولۇپمۇ مىللىي

رايونلاردىكى پاراكەندىچىلىك ئەۋج ئالغاندا، ئاساسىي جەھەتتىن ھەربىي قوشۇننى ئىشقا سېلىش ئارقىلىق ۋەزىيەت تىزگىنلەندى. بۇنىڭ بىلەن مەسىلە تۈپتىن ھەل قىلىنمايلا قالماي، ئەكسىچە سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كوممۇنىستىك پارتىيىگە، رۇسلارغا قارشى كەيپىيات ئۆسۈپ كەتتى.

سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ئۆتكەن يىلى 9 - ئايدا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش شەرتى ئاستىدىكى يېڭى مىللىي سىياسەتنى ماقۇللىدى، ئۇنىڭ ئاساسىي روھى ئىتتىپاقنىڭ بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇش، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت چوڭ ئالدىنقى شەرت ئاستىدا، ھەر قايسى جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ ھوقۇقىنى ئەڭ چوڭ دائىرىدە كېڭەيتىشتىن ئىبارەت، بۇنىڭدا ئىلگىرىكى مىللىي خىزمەتتىكى تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشنى ئىسلاھات يولىغا كىرگۈزۈش مەقسەت قىلىنغان. لېكىن ئۇزۇندىن بۇيان يىغىلىپ قالغان مەسىلىنى قىسقا مۇددەت ئىچىدە ھەل قىلىش رېئاللىققا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. كېيىنكى بىر مەزگىلدە، سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى مىللىي زىddiيەت ھەل بولمايلا قالماي، بەلكى داۋاملىق زورىيىدۇ. ئۇ كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئىجتىمائىي داۋالغۇش مۇقەررەر ھالدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەسلىدىلا قىيىنچىلىق ھالىتىدە تۇرغان ئىقتىسادىي ۋەزىيىتىگە يەنىمۇ تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەمەلىيەتتە، سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى مىللىي مەسىلە ئېغىر سىياسىي مەسىلە بولۇپ قالدى، بولۇپمۇ لىتۋاغا ئوخشاش غەربىي نىيەتتە بولۇشتەك ئەھۋال زەنجىرسىمان تەسىر كۆرسىتىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇقىملىقىغا زىيان يەتكۈزۈشى مۇمكىن.

## مۇقاۋىنىڭ 4 - بېتىدىكى سۈرەتلەرنىڭ چۈشەندۈرۈلۈشى:

«1 - ئىيۇل» ھارپىسىدا، خېجىڭ، قارا شەھەر ناھىيىلىرى ۋە 29 - تۈەن - مەيداندا ھەممە گۈللەر ھۆپپىدە ئېچىلىپ خۇشپۇراق چېچىپ تۇراتتى. ھەر مىللەت ھەربىي ۋە خەلق ئاممىسى قىزىلبايراقلارنى لەپىلدىتىپ، شاد ناخشىلىرىنى ياڭرىتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ، خېجىڭ ناھىيىسى، قارا شەھەر ناھىيىسى «29 - تۈەن - مەيدان»غا بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتكوم، ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتى، شۆبە ھەربىي رايون، يېزا ئىگىلىك 2 - شىنىڭ خېجىڭ ناھىيىسى، قارا شەھەر ناھىيىسى ۋە «29 - تۈەن - مەيدان» غا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتى، ئارمىيە - خەلق ئىتتىپاقلىقى بويىچە ئۈلگىلىك ناھىيە، «تۈەن - مەيدان» دەپ نام بەرگەنلىكىنى قىزغىن تەبرىكلىدى.

مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق مەسلىھەتچىلەر كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ۋاڭ ئېنماۋ ئالاھىدە تېلېگرامما ئەۋەتىپ تەبرىكلىدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى قاتارلىق ئورۇنلار ئايرىم - ئايرىم تەبرىك خېتى، تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتتى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ھامىدىن نىياز ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋەكالەتەن نام بېرىش يىغىنىدا قىزغىن سۆز قىلدى.

ئاپتونوم رايوندىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى رەھبەرلىرىدىن بادەي، جىن يۈنخۇي، يۈسۈپ مۇھەممىدى، جاۋ گەنچېن، ليۇ شۇاڭچۈەن، لى تۇڭ ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئىدارىلار پارتكومىنىڭ شۇجىسى، بايىنغولىن ئوبلاستلىق پارتكومىنىڭ سابىق شۇجىسى جۇڭ بىڭ قاتارلىق يولداشلار يىغىنغا بېرىپ تەبرىكلىدى.

يىغىندىن كېيىن رەھبەرلەر ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئېتىز - ئېرىق، زاۋۇت ۋە مەكتەپلەرنى كۆزدىن كەچۈردى.

(لى يۈگۇاڭ فوتوسى)



# ماۋزېدۇڭ ۋە ئۇنىڭ كاتىپى تيەن جيايىڭ

پاڭ شيەنجى

(بېشى ئۆتكەن ساندا)

ئۇ مۇنداق دېدى: «سىلەرنىڭ بۇنداق قىلىشىڭلار (ئۇ بۇ يەردە مۇبالىغىچىلىققا، ئارتۇقچە قويۇق تېرىشقا قارشى تۇرۇشنى دېمەكچى) توغرا بولدى. ئەگەر سىلەرمۇ يەرلىك كادىرلارغا ئوخشاش، ھەقىقىي ئەھۋالنى مەركەزگە ئۇقتۇرمىساڭلار، دۆلەت خەتەرلىك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالاتتى. ئەگەر سىلەر يەرلىك كادىر بولۇپ، ئاشۇنداق قىلىدىغان بولساڭلار تەنقىدكە ئۇچرايتتىڭلار. سىلەرنىڭ يېڭى كەلگەن چاغدا قىلغان ئىشىڭلارغا قاراپ، بۇ بىر ئاز ئۆكتىچىلىك بولۇۋاتامدۇ - نېمە دەپ ئويلىغانىدىم. ئەمما كېيىن ئويلاپ قارىسام، سىلەرنىڭ ئورنۇڭلار ئوخشاش ئەمەس ئىكەن، سىلەر دېگەن مەركەزدىن كەلگەن كادىرلار، سىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ كەمچىلىك ئەمەس، بەلكى توغرا ئىكەن. بۇنىڭدىن باشقا، سىلەرگە ھېچقانداق كەمچىلىك كۆرسىتىپ بېرەلمەيمەن. سىلەر جۇشىنىڭ يوليورۇقى بويىچە ئىش قىلدىڭلار، قىلغىنىڭلار توغرا بولدى. ئەمما جۇڭچياۋ يېزىسىدىكى كادىرلار بولماي قالدى، ئۇلارنىڭ ئۈستىدە ئۆلكىلىك، يەرلىك، ناھىيىلىك پارتكوملار بار-دە، «سىلەر پرىنسىپتا چىڭ تۇردۇڭلار»، «سىلەر تەرەپتە قويۇق تېرىش ئىختىيارىي بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاممىنىڭ غەيرىتى چوڭ، بىزنىڭ بۇ يەردە بولسا ئىختىيارىي ئەمەس. ئەگەر ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى سىلەرگە ئوخشاش بولىدىغان بولسا، شۇنداق قىلالامتى؟ شۇنداق قىلىدىغان بولسا، خاتالىشاتتى. قويۇق تىكسىڭىز شامال چىقسا شال يېتىۋېلىپ، ھوسۇل كېمىيىپ كەتسىمۇ خاتالاشمايسىز. شالاڭ تىكسىڭىز، شالدىن كۆپرەك ھوسۇل ئالسىڭىزغۇ ياخشى بولىدۇ، ھوسۇل كېمىيىپ كەتسە، بالاغا قالىسىز. راست گەپنى قىلسام، سىلەرنىڭ شۇنداق قىلىشىڭلارغا مەن قوشۇلىمەن. مايسا تىكىش ۋاقتىدا، كۈندە بىر نەچچە قېتىم تېلېفون كېلىپ، بىزنىڭ قويۇق تىكىشنى چىڭ تۇتۇشىمىزنى سۆيلەپ تۇرغان».

يۇقىرىدىكىلەر ئۆزۈمنىڭ خاتىرە دەپتىرىمدىن كۆچۈرۈلدى. شۇ چاغدا پىششىقدەم شۇجى بىزگە بۇ گەپلەرنى پەقەت بىزگىلا دېگەنلىكىنى، باشقىلارغا دېمەسلىكىمىزنى قايتا - قايتا تاپىلىغان ئىدى. بۇ پۈتۈنلەي چۈشىنىشلىك ئىدى. 30 يىل ئۆتكەندىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە، بۇ گەپلەرنى ئاشكارىلاش، تارىخىي تەجرىبە، ساۋاقلارنى يەكۈنلەشكە پايدىسىز بولماس.

1959 - يىل 6 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى، تيەن جيايىڭ سىچۈەندىن كېتىپ، لۇشەن يىغىنىغا قاتناشتى. مەن ئۇنى چېڭدۇدىن جۇڭچىڭغىچە ئۇزىتىپ قويۇپ، ئۆزۈم يالغۇز شىنفەنگە قايتىپ كەلدىم. شۇ چاغدا مېنى قانداقتۇر بىر خىل ھىجرانلىق كەيپىياتى چۇلغىۋالدى، بۇ ھال بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئاستا - ئاستا يوقاپ كەتتى.

تيەن جيايىڭ داڭلىق گۇڭشېدا تۆت ئايغا يېقىن ۋاقىت تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش جەريانىدا، يەرلىك كادىرلار ۋە ئاممىلەن چوڭقۇر دوستلۇق ئورناتقان ئىدى. ئۇ ناھايىتى چىقىشقاق ئىدى، ئاممىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى ۋە تۇرمۇشىغا بەك چوڭقۇر غەمخورلۇق قىلاتتى، يەرلىك كادىرلارغا بەك كۆيۈنەتتى ۋە ياردەم بېرەتتى. مايسا تىكىش پەسلى يېتىپ كېلىپ، ئوغۇت يېتىشمەي قالغاندا، ئۇ كادىرلار ۋە ئاممىنى باشلاپ چېڭدۇ شەھىرىگە بېرىپ گەندە توشۇيتتى، بىر قېتىم بېرىپ - كېلىش ئۈچۈن 30 لى يول يۈرەتتى، بىر كېچىدە ئىككى قېتىم توشۇپ كېلەتتى. كىشىلەر تيەن جيايىڭنىڭ سۆزىنى ئاڭلاشقا بەك خۇشتار ئىدى، چۈنكى ئۇنىڭ سۆز قابىلىيىتى ياخشى بولۇپلا قالماي، بەلكى پۈتۈنلەي سىچۈەن شېۋىسىدە سۆزلەيتتى، ئەڭ مۇھىمى ئۇنىڭ سۆزى مەزمۇنلۇق، داۋاملىق بولۇپ، كىشىلەرنى بەك تەسىرلەندۈرەتتى. ئۇ چوڭقۇر داۋلىلارنى خەق ياقتۇرىدىغان شەكىل ۋە ئەڭ ئاسان چۈشىنەلەيدىغان ئىبارىلەر بىلەن ئىپادىلەپ بېرەتتى. ئۇ بىر قېتىم كادىرلار يىغىنىدا سۆز قىلغاندا ئىنقىلابىي ئەنئەنىۋى روھنى جارى قىلدۇرۇش ئۈستىدە توختىلىپ، ماۋ جۇشىنىڭ پۈتۈن ئائىلىسىدىن ئالتە ئادەم ئىنقىلاب يولىدا قۇربان بولغانلىقىنى سۆزلىگەندە پۈتۈن زالدىكىلەر جىمجىتلىققا چۆمگەن، بەزىلەر يىغلىغان ئىدى.

تيەن جيايىڭ داڭلىق يېزىسىدىكى خەلق ۋە كادىرلار ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان ئىدى، 1983 - يىلغا كەلگەندە مەن بۇ يەرنى قايتىدىن زىيارەت قىلغان چاغدا، شۇ يىللاردىكى كادىرلار تيەن جيايىڭنى تىلغا ئالسىلا، بەزىلەر كۆزلىرىگە ياش ئالاتتى. ئۇنىڭ ئالەمدىن ئارمان بىلەن ۋاقىتسىز ئۆتكەنلىكىگە

ئىجىنىپ، ئۇنى چوڭقۇر ئەسلەيتتى. ئېسىمدە قېلىشىچە، شۇ كۈنى مەن دافېڭ گۇڭشېسىغا يېتىپ كېلىشىم بىلەنلا، يېزىنىڭ بازىرىدا بۇ خەۋەر بىردىنلا پۇر كېتىپتۇ، بەزىلەر: «تېەن جيابىڭ جۇرىن قايتىپ كەپتۇ...» دېسە، بەزىلەر دەر گۇمان بولۇشۇپ: «تېەن جۇرىن ئۆلۈپ كەتكەن ئەمەسمىدى» دېيىشىپتۇ. بىر ئايال ماڭا: «تېەن جۇرىن ھەقىقەتەن ئېسىل ئادەم ئىدى!» دېدى. مەن بۇ قېتىم دافېڭغا كېلىپ باشقىچە بىر خىل ئەھۋالنى كۆردۈم. مو بېشىدىن ئېلىنغان مەھسۇلات 1000 جىڭدىن ئېشىپ، 1958 - يىلدىكى مۇبالىغە قىلىنغان مەھسۇلات ساندىنمۇ كۆپ ئېشىپ كېتىپتۇ. دېمەك، 1958 - يىلدىكى كىشىلەرنىڭ ئەسەۋۋۇرىدىكى يۇقىرى مەھسۇلات 20 يىلدىن كېيىن رېئاللىققا ئايلىنىپتۇ. بازار مىغ - مىغ كىشىلەر بىلەن تولۇپ، قىستا - قىستاڭ بولۇپ كېتىپتۇ. بازار ئۇرغۇن دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى، كىيىم - كېچەك، كۈندىلىك ئىستېمال بۇيۇملىرى بىلەن تولۇپ، نېمىنى ئالىمەن دېسە، شۇ تېپىلىدىغان بولۇپ، مىسلىسىز دەرىجىدە ئاۋاتلىشىپ كېتىپتۇ. بۇ ھال سىزگە پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، يېزىلاردا ھەقىقەتەن غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىنى ئىختىيارسىز ھېس قىلدۇرىدۇ.

تېەن جيابىڭ سىجۇەندە ئۈت ئايغا يېقىن تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش جەريانىدا، كۆپلىگەن بىۋاستە تەكشۈرۈش ماتېريالىغا ئىگە بولدى. تەكشۈرۈش جەريانىدا، بىز يەنە پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ۋەزىيىتى ئۈستىدە سۆزلىشىپ، مۇنداق ئورتاق تونۇشقا، يەنى: «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش»نى ۋە خەلق گۇڭشېسىنى بولىغا قويۇش — ماۋزېدۇڭنىڭ ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان ھالدا ئالدىراقسانلىق قىلىپ، «سولچىللىق» خاتالىقنى ئۆتكۈزگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى، دېگەن تونۇشقا كەلگەن ئىدۇق. تېەن جيابىڭ لۇشەنگە ئەنە شۇنداق تونۇش بىلەن بىر قىسىم ماتېرىيالنى ئېلىپ بارغان ئىدى. تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى سىجۇەندە داۋاملىق قېلىپ، ئۇنى ئۈدۈللۈق تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىنلەپ تۇردى.

تېەن جيابىڭ لۇشەنگە بارغاندىن كېيىن، بىز تەكشۈرۈپ چىققان ھېلىقى گۇڭشېدىكى ئاشلىق مەھسۇلاتىنى مەلۇم قىلىشتىكى مۇبالىغىچىلىك ۋە باشقا مەسىلىلەرنى ماۋزېدۇڭغا دوكلات قىلغان ۋە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ ئەمگەك نەمۇنىچىسى لوشغاننىڭ مۇبالىغىچىلىككە ۋە ئارتۇقچە قويۇق تېرىش قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدىكى نارازىلىقىنى ئىنكاس قىلىپ يازغان بىر پارچە ماتېرىيالنى ماۋزېدۇڭغا بەرگەن. شۇ چاغدا سىجۇەن ئۆلكىلىك پارتكومنىڭ ئاساسلىق مەسئۇلى بۇ ئىشقا نارازى بولۇپ، تېەن جيابىڭ بىلەن جاڭجاللاشقان. كېيىن ماۋزېدۇڭ لىلا گەپ قىلغان، ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى: باشقىلارنىڭ ئەرز قىلىشىدىن قورقماسلىق كېرەك - تە، يوق ئىش باشقىلارنىڭ بار دېيىشى بىلەن بار بولۇپ قالمايدۇ؛ بار ئىشمۇ باشقىلارنىڭ يوق دېيىشى بىلەن يوق بولۇپ كەتمەيدۇ.

تېەن جيابىڭ قۇرۇلتايدا گەپ ياتمايدىغان ئادەم ئىدى، يىغىنىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە دېموكراتىيە بىر قەدەر كەڭرەك بولغان شارائىتتا، ئۇ ئۆزىنىڭ ۋەزىيەت ھەققىدىكى، بولۇپمۇ شەخسەن ماۋزېدۇڭغا بولغان بەزى قاراشلىرىنى بەزىلەرگە ئېيتقان، بۇ گەپلەر ناھايىتى تېزلا ئاز ساندىكى ئادەملەر ئىچىگە تارقىلىپ كەتكەن ئىدى. پۈتۈن يىغىن «ئوڭچىللىق»قا قارشى تۇرۇش باسقۇچىغا ئۆتكەندە، باشقىلار ئۇنى پاش قىلغانلىقتىن، ئۇ تەنقىد، كۆرەش ئوبيېكتى بولۇپ قالغان ئىدى. پەقەت ماۋزېدۇڭ قوغداپ قالغانلىقى ئۈچۈنلا، ئۇ پالاكەتتىن ساقلىنىپ قېلىپ، «ھەربىي كۇلۇب» تەرەپكە ئايرىلماي قالغان ئىدى. بۇ پەردە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغىنى شۇكى، كۆرەش ئىنتايىن جىددىيلەشكەن چاغدا، تېەن جيابىڭ بىرلىكتە سۆزلەشكەن خۇ چياۋمۇنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن، خەۋپ - خەتەرگە قارىماي، لى رۇينىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا خۇ چياۋمۇنىڭ دېگەن گەپلىرىنى دەپ قويماسلىقنى تاپىلاپ قويغان. شۇ چاغدىكى ھەق - ناھەقنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋېتىدىغان، ئاق - قارىنى ئايرىمايدىغان ئەھۋالدا، تېەن جيابىڭنىڭ بۇنداق قىلىشى توغرا ئىدى. بۇ، نورمال ئەھۋاللاردا پارتىيە ئىچىدە بولىدىغان كۆرەشتە، باشقىلارنىڭ خاتالىقىنى پاش قىلماي، تەنقىد قىلماي، ئەكسىچە قانات ئاستىغا ئالىدىغان لىبېرالىزملىق پوزىتسىيىگە پۈتۈنلەي ئوخشىمايدۇ. بۇ ئىزاھلاپ قويۇشقا تېگىشلىك مەسىلە، تېەن جيابىڭ كېيىن ماڭا: مەن شۇ چاغدا خۇ چياۋمۇنىڭ پارتىيىگە قوشقان تۆھپىسى ۋە رولى مېنىڭكىدىن چوڭ دەپ قاراپ، ئۆزۈمنى قۇربان قىلىپ بولسىمۇ ئۇنى قوغداپ قالاي دەپ ئويلىغان ئىدىم، دېگەن ئىدى. قەھرىماننىڭ خىسلىتى خەۋپ - خەتەرگە دۇچ كەلگەندە ئايان بولىدۇ، دېگەندەك، تېەن جيابىڭنىڭ پارتىيىنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلىش روھى كىشىنى قايىل قىلىدۇ.

تېەن جيابىڭنىڭ لۇشەندىكى ئەھۋالى بىلەن بىزنىڭ ئۆۋەندىكى تەقدىرىمىز ئوخشاش ئىدى. 8 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، بېيجىڭدىن تېەن جيابىڭنىڭ مۇھىم ئىشى چىقىپ قالدى، سىلەر بېيجىڭغا دەرھال قايتىپ كېلىڭلار، دېگەن ئۈشتۈمتۇت تېلېفون كەلدى. 8 - ئاينىڭ 9 - كۈنى بېيجىڭغا يېتىپ كەلدۇق. نېمە ئىش چىقىپ قالغانلىقىنى بىلەلمەي ئەنسىرەپ، تېەن جيابىڭغا تېلېفون بەرسەم، تېەن جيابىڭ مەن سىجۇەننىڭ ئاساسلىق مەسئۇلى بىلەن گەپ تالىشىپ قالدىم، تالاش - تارتىش ناھايىتى كەسكىن بولدى، بۇ تالاش - تارتىش ئاساسەن

ئارتۇقچە قوبۇل قىلىش ۋە مەھسۇلات مىقدارىنى مۇبالىغە قىلىش مەسىلىسى ئۈستىدە بولدى، ئەمما كۆپ ساندىكىلەر ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلدى. سىلەرنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالمىسۇن دەپ ئويلاپ قايتىپ كېلىڭلار دېگەن ئىدىم، دېدى.

لۇشەن يىغىنىدا بولغان بۇ كۆرەش تيەن جيايىڭنىڭ پۈتۈن ئۆمرىدە بېشىدىن بىرىنچى قېتىم كەچۈرگەن سىياسىي بوران - چاپقۇن ئىدى. پارتىيە ئىچىدە خاتا ئېلىپ بېرىلغان بۇ قېتىمقى كۆرەشتە تيەن جيايىڭ باشقىلارنى «پاش قىلماي»، بەلكى بولداشلارنى قوغداپ قالدى. ئۇ سىياسىي ھاۋانى كۆزىتىشكە، پۇرسەت تېپىپ ئۆزىنى ناھايىتى «ئىنقىلابىي» قىلىپ كۆرسىتىشكە ئۇستا، ياكى «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش»نىڭ ئىبادىسى ئىزچىل توردە ئىتابىي سولچىل بولۇپ كەلگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە باشقىلارنى كەلسە - كەلمەس تەنقىد، پاش قىلىدىغان ئادەملەرنى بەك يامان كۆرەتتى. ئەلۋەتتە، سۇبيېكتىپ، ئوبيېكتىپ شارائىتنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، شۇ چاغدىكى بىر تەرەپكىلا ئېغىش خاھىشى ئەۋج ئالغان چوڭ سىياسىي دولقۇندا، تيەن جيايىڭنىڭ لۇشەن يىغىنىدىكى ھەق - ناھەقنى كېيىنكى كۆزلەردىكىدەك ئېنىق تونۇپ كېتەلىشى، ئۈچ قىزىل بايراقنىمۇ ئىنكار قىلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، ئۇ ماۋ زېدۇڭ ئالدىدا ئۆزىنى تەكشۈرۈپ تۇرۇپ، ماۋ زېدۇڭنىڭ ئەپۇ قىلىشىغا ئېرىشتى. ماۋ زېدۇڭ ئۇنىڭغا: «سىز ئۆزىڭىزنىڭ كاتىپلىق خىزمىتىڭىزنى داۋاملىق ئىشلەۋېرىڭ» دېگەن ئىدى.

تيەن جيايىڭنىڭ لۇشەن يىغىنىدا ئۆزىنى تەكشۈرۈپ ئۆتۈنۈشى ئۇچىغا چىققان سولچىل پىكىر ئېقىمىنىڭ كۈچلۈك بېسىمى ئاستىدا ئامالسىز بولغان ئىش ئىدى. كېيىن، ئۇ باشقىلارغا بىرىنچى قېتىملىق لۇشەن يىغىنىدىكى ئۆزۈمنى تەكشۈرۈشۈم ئۆز كۆڭلۈمدىن چىققان ھەقىقىي تەكشۈرۈش ئەمەس ئىدى، دېگەن. ئۇ چاغدا، ئۇ ھەقىقەتەن، ماۋ زېدۇڭ ئۆزى پۈتۈن كۈچى بىلەن تەشەببۇس قىلىپ كەلگەن ۋە يولغا قويغان ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلەش پرىنسىپىدىن چەتنەپ كەتتى، كاللىسى ئانچە سەگەك بولماي قالدى، ئوخشاش بولمىغان پىكىرلەرنى ياقتۇرمايدىغان كەيپىيات بارغانسېرى روشەنلەشمەكتە، دەپ ھېس قىلغان. تيەن جيايىڭ ئۆزىنىڭ يىغىندىن كېيىنكى مەزگىللەردىكى ھېسسىياتىنى ماڭا كۆپ قېتىم بىلدۈرۈپ ئۆتكەن ۋە بۇ ئەھۋالنى ئوڭشاشقا بولمايدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلغان ئىدى!

روشەنكى، تيەن جيايىڭنىڭ لۇشەن يىغىنى مەزگىللىرىدە بېشىغا كەلگەن ئىشلار ئايرىم ئەھۋال ئەمەس ئىدى. لۇشەن يىغىنىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە يىغىنغا قاتناشقان كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ پىكرى ئاساسىي جەھەتتىن بىردەك ئىدى، يىغىننىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە كەلگەندە، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزىنى بە بۇنداق، بە ئۇنداق تەكشۈرۈپ ئۆتۈشكە مەجبۇر بولدى، ئەمما شەكىل جەھەتتىن ناھايىتى زور دەرىجىدە پەرقلىنەتتى.

ماۋ زېدۇڭ لۇشەن يىغىنىدا تيەن جيايىڭنى قوغداپ ئۆتكەلدىن ئۆتكۈزدى. يىغىندىن كېيىن، ماۋ زېدۇڭ تيەن جيايىڭنى ئۆزى رەھبەرلىك قىلغان سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «سىياسىي ئىقتىساد دەرسلىكى»نى ئۆگىنىش گۇرۇپپىسىغا ئالاھىدە قاتناشتۇردى، بۇ ئۆگىنىش 1959 - يىل 12 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 1960 - يىل 2 - ئاينىڭ 9 - كۈنىگىچە جەمئىي ئىككى ئاي داۋام قىلدى. بۇ ماۋ زېدۇڭنىڭ تيەن جيايىڭغا بۇرۇنقىدەكلا ئىشىنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى، ئەمما شۇنى يوشۇرماسلىق كېرەككى، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا سىياسىي جەھەتتە ئارىلىق پەيدا بولۇشقا باشلىغان ئىدى.

## 10. تەكشۈرۈش - تەتقىق قىلىش ئىستىلىنى كەڭ ئەۋج ئالدۇرايلى ۋە «كىتابپازلىققا قارشى تۇرايلى»

1960 - يىلى قىشتا، يېزىلاردىكى ئېغىر مەسىلىلەر كۆپلەپ پاش بولدى. 11 - ئاينىڭ 3 - كۈنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى «يېزىلاردىكى خەلق گۇڭشېلىرىنىڭ ھازىرقى سىياسەت مەسىلىلىرى توغرىسىدىكى جىددىي يوليورۇق خېتى» (ئۇۋۇ ندە قىسقارتىپ «12 ماددا»، دېيىلىدۇ)نى تارقاتتى، بۇنىڭدا «بىرىنچىدىن تەڭشەش، ئىككىنچىدىن يۆتكەش» خاتالىقنى ئۈزۈل - كېسىل تۈزىتىش، ئىستىل تۈزىتىش، گۇڭشېنى تەرتىپكە سېلىش ئىشىنى قانات يايدۇرۇش ئوتتۇرىغا قويۇلغان. 1960 - يىل 12 - ئاينىڭ 24 - كۈنىدىن 1961 - يىل 1 - ئاينىڭ 13 - كۈنىگىچە، مەركىزىي كومىتېتنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئۆتكۈزۈلگەن خىزمەت يىغىنى «يېزىلاردا ئىستىل تۈزىتىش—گۇڭشېنى تەرتىپكە سېلىش ۋە سىياسەتكە دائىر بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدىكى مۇزاكىرە خاتىرىسى»نى ئىشلەپ چىقتى، يىغىننىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۈنى — 1 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ماۋ زېدۇڭ: تەكشۈرۈش - تەتقىق قىلىش ئىستىلىنى كەڭ ئەۋج ئالدۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇنىڭ بىلەن 1961 - يىلى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلەش يىلى بولدى. بۇ قېتىمقى يىغىن 1 - ئاينىڭ 14 - كۈنىدىن 18 - كۈنىگىچە ئۆتكۈزۈلىدىغان 9 - ئومۇمىي يىغىنغا تەييارلىق كۆردى. ماۋ زېدۇڭنىڭ تەكشۈرۈش - تەتقىق قىلىش ئىستىلىنى كەڭ ئەۋج ئالدۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىشى پارتىيىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالغا بىر قەدەر ئۇيغۇن كېلىدىغان سىياسەتنى تۈزۈپ چىقىپ، شۇ چاغدا بىلىنىۋېلىنغان خاتالىقلارنى بىر قەدەر تۈزىتىشتە، پارتىيىنىڭ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلەشتەك ئېسىل ئەنەنىسىنى مەلۇم دەرىجىدە

ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە ئاچقۇچلۇق رول ئوينىدى.

مەركىزىي كومىتېتنىڭ ئومۇمىي يىغىنى ئاياغلاشقاندىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەي مەركىزىي كومىتېت... 

مەركىزىي كومىتېتنىڭ ئومۇمىي يىغىنى ئاياغلاشقان چاغدا، «خىزمەتلەرنى تەكشۈرەيلى» دېگەن سەرلەۋھىلىك بىر پارچە ماقالە ماۋ زېدۇڭنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى. ماۋ زېدۇڭ بۇنى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇشال بولدى، بۇ ماقالە ماۋ زېدۇڭ بۇنىڭدىن 30 يىل ئىلگىرى يازغان ۋە ئاللىقاچان يوقىلىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇ كۆپ يىللاردىن بېرى ئىسىدىن چىقارماي ئەسلەپ كېلىۋاتقان ماقالە ئىدى. بۇ ماقالىنى تېيەن جيايىڭ ماۋ زېدۇڭغا ئۆز قولى بىلەن تاپشۇرغان ئىدى. ماقالىنىڭ تېپىلىش جەريانى مۇنداق ئىدى: 1959 - يىلى جۇڭگو ئىنقىلابىي مۇزېيى قۇرۇلغاندا، جايلاردا ئىنقىلابىي مەدەنىي يادىكارلىقلارنى يىغىش ئىشى ئېلىپ بېرىلغان، بۇ جەرياندا، فۇجيەن ئۆلكىسىنىڭ لۇڭيەن يەرلىك پارتىيە كومىتېتى بۇ ماقالىنىڭ تاش باسما نۇسخىسىنى تاپقان. 1960 - يىلى مەركىزىي كومىتېتنىڭ سىياسىي ئىشلار تەتقىقات بۆلۈمىدىكى يولداشلار ئىنقىلابىي مۇزېيدىن بۇنى ئارىيەت ئېلىپ كەلگەن. شۇ چاغدا كۆپچىلىك بۇ ماقالىنى ناھايىتى مۇھىم ھۆججەت دەپ قارىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى راۋاجلاندۇرۇش تارىخىدا تۇتىدىغان ئورنى، ھەقىقىي قىممىتىنى يېتەرلىك مۆلچەرلىيەلمىگەن ئىدى؛ بۇ ماقالىنىڭ قايتا ئېلان قىلىنىشىنىڭ كېيىنكى كۈنلەردە پارتىيىمىزنىڭ ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشىدا شۇنچە چوڭ رول ئوينىغانلىقى ۋە تەسىر پەيدا قىلىدىغانلىقىنى، تەتقىقاتچىلارنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى شۇ قەدەر يۈكسەك دەرىجىدە قوزغايدىغانلىقىنى ھېچكىم ئويلىمىغان ئىدى. تېيەن جيايىڭ بۇ ھۆججەتنى ئوقۇغاندىن كېيىن، ماۋ زېدۇڭغا دەرھال يوللاپ بەرگەن.

ماۋ زېدۇڭ بۇ ماقالە ھەققىدە 1961 - يىل 3 - ئاينىڭ 11 - كۈنى مەخسۇس بىر تەستىق سۆز يازغان ئىدى، ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا 3 - ئايدا ئېچىلغان گۇاڭجۇ يىغىنىدىكى ئىككى قېتىملىق سۆزىدە ئۇنى يەنە تىلغا ئېلىپ ئۆتتى ھەمدە بۇ ھەقتە چۈشەندۈرۈش ۋە ئىزاھات بېرىپ ئۆتتى. كىشىلەر تەستىق سۆزىدىن ۋە ئىككى قېتىملىق سۆزىدىن بۇ ماقالىنىڭ نېمە ئۈچۈن يېزىلغانلىقىنى، قانداق يېزىپ چىقىلغانلىقىنى، شۇنىڭدەك ئۇنى ماۋ زېدۇڭ نەقەدەر ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلدى.

1961 - يىل 3 - ئاينىڭ 11 - كۈنىدىكى تەستىق سۆزى مۇنداق يېزىلغان: «بۇ بىر كونا ماقالە بولۇپ، شۇ چاغدىكى قىزىل ئارمىيە ئىچىدىكى دوگماتىزملىق ئىدىيىلەرگە قارشى تۇرۇش يۈزىسىدىن يېزىلغان ئىدى. ئۇ چاغدا دوگماتىزم دېگەن ئاتالغۇ يوق بولغاچقا، بىز ئۇنى «كىتابپەرەسلىك» دەپ ئاتىغان ئىدۇق. بۇ ماقالە تەخمىنەن 1930 - يىلىنىڭ ئەتىياز ۋە ياز ۋاقىتلىرىدا يېزىلغان بولۇپ، يوقىلىپ كەتكىلى 30 يىل بولغان ئىدى. 1961 - يىلى 1 - ئايدا، بۇ ماقالە مەركىزىي ئىنقىلابىي مۇزېيدىن تۇيۇقسىز تېپىلىپ قالدى، مەركىزىي ئىنقىلابىي مۇزېيى بولسا بۇ ماقالىنى فۇجيەن ئۆلكىسىنىڭ لۇڭيەن يەرلىك پارتىيە كومىتېتىدىن تېپىپ كەلگەن ئىكەن. ھازىر ئەسقېتىپ قالىدىغاندەك تۇرىدۇ. يولداشلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن بىر قانچە نۇسخا بېسىڭلار».

1961 - يىل 3 - ئاينىڭ 13 - كۈنى گۇاڭجۇ يىغىنىدا مۇنداق دېگەن ئىدى:

بۇنىڭدىن 30 يىل ئاۋۋال يېزىلغان خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈش توغرىسىدىكى بىر پارچە ماقالەم تېپىلىپ قالدى، ئوقۇپ كۆرسەم بىر ئاز داۋلىسى باردەك تۇرىدۇ، باشقىلار بۇنىڭغا قانداق قارايدىكىن - تاڭ. «ماقالە ئۆزىنىڭكى ياخشى بولىدۇ». مەن ئۆز ماقالىلىرىمنىڭ بەزىلىرىنى ئانچە ياقتۇرمايمەن، بۇ ماقالىنى ياقتۇرىمەن. بۇ ماقالە بىر قېتىملىق كۈرەشتىن كېيىن يېزىلغان ئىدى. 1929 - يىلى قىشتا، قىزىل ئارمىيە 4 - جۈننىڭ 9 - قېتىملىق پارتىيە قۇرۇلتىيىدا بۇ كۈرەشتىن خۇلاسە چىقىرىلغان ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، يەنى 1930 - يىلى ئەتىيازدا بۇ ماقالىنى يازغان ئىدىم. بىر نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا بۇ ماقالىنى ئىزدەپ تاپالمىغان ئىدىم. بۇ يىل 1 - ئايدا تېپىلىپ قالدى. كۆپچىلىك مۇزاكىرە قىلىپ كۆرۈپ، قايسىلىرىغا قوشۇلىدىغانلىقى، قايسىلىرىغا قوشۇلمايدىغانلىقى ھەققىدە پىكىر بەرسە. ئەگەر ئاساسىي جەھەتتىن قوشۇلسا، شۇ بويىچە ئىجرا قىلىنسا بولىدۇ. ئىزاھ بېرىپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق.

1961 - يىل 3 - ئاينىڭ 23 - كۈنى گۇاڭجۇ يىغىنىدا مۇنداق دېگەن ئىدى:

بۇ ماقالە 1930 - يىلى ئەتىيازدا يېزىلغان بولۇپ، بۇنىڭدا شۇ چاغدىكى تەجرىبىلەر يەكۈنلەنگەن ئىدى. بۇ ماقالە يېزىلىشتىن ئاۋۋال كىتابپەرەسلىككە قارشى تۇرايلى، دېگەن ماۋزۇدا يەنە بىر قىسقا ماقالە يازغان ئىدىم، ھازىر تېپىلمىدى(1). بۇ ماقالە يېقىندا تېپىلىپ قالدى. باشقا نەرسىلەرنىڭ تېپىلغانلىقى ئېسىمدە يوق، بۇ ماقالە ھامان ئېسىمدىن چىقمايدۇ(2). تۇيۇقسىز تېپىلىپ قالغانلىقىغا خۇشالمەن.

ماۋ زېدۇڭ 3 - ئاينىڭ 23 - كۈندىكى يىغىندا بۇ ماقالىغا ئىزاھ بەرگەن، مېنىڭچە، مۇنۇ ئىككى نۇقتا ئالاھىدە مۇھىم.

(1) ماۋ زېدۇڭنىڭ 1964 - يىل 3 - ئاينىڭ 25 - كۈنى يازغان تەستىق سۆزىگە قاراڭ.

(2) تېيەن جيايىڭنىڭ شۇ چاغدىكى يەتكۈزۈشىگە ئاساسلانغاندا، بۇ يەردە «خۇددى ئۆز ئەۋلادىمنىڭ بالىسىنى سېغىنغاندەك» دېگەن بىر جۈملە سۆزى بار ئىدى.

بىرىنچى ئۇقتا، ئۈچىنچى مەسىلىنى، يەنى «كىتابىبازلىققا قارشى تۇرۇش» مەسىلىسىنى ئىزاھلىغان چاغدا، ئۇ مۇنداق دېگەن ئىدى: بۇ تەنقىد قىلىش، خۇراپاتلىقنى تۈگىتىش مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ چاغلاردا، قانداقلا بولمىسۇن يۇقىرىنىڭلا نەرسىسى بولىدىكەن، ياخشى دەپ قارىلاتتى، مەسىلەن، 6 - قۇرۇلتاينىڭ قارارىنى ئالساق، سەن ئۇ نەرسىنى قانداق ئەمەلگە ئاشۇرىسەن؟ ئەگەر سەن كونكرېت تەدبىرلەرنى تۈزۈپ چىقمىساڭ، ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ناھايىتى تەس. 6 - قۇرۇلتاينىڭ قارارىدا قىسمەن مەسىلىلەر بارلىقىنى، بەزىبىر كەمچىلىك ياكى خاتالىقلارنىڭ بارلىقىنى قويۇپ تۇرايلى، ئۇ توغرا بولغان تەقدىردىمۇ، كونكرېت تەدبىرلەر بولمىسا، تەكشۈرۈش - تەتقىق قىلىش ئىشلىرى ئېلىپ بېرىلمىسا، ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. ئىككىنچى ئۇقتا، 6 - مەسىلىنى، يەنى «جۇڭگو ئىنقىلابىي كۈرىشىنىڭ غەلىبىسى جۇڭگولۇق يولداشلارنىڭ جۇڭگونىڭ ئەھۋالىنى چۈشىنىشىگە باغلىق» دېگەن مەسىلىنى ئىزاھلىغان چاغدا، ئۇ مۇنداق دېگەن ئىدى: 6 - ئابزاس، مېنىڭچە، ھازىرغۇ ئەسقاتىدۇ، كەلگۈسىدىمۇ لازىم بولىدۇ. جۇڭگو ئىنقىلابىي كۈرىشىنىڭ غەلىبىسى جۇڭگولۇق يولداشلارنىڭ جۇڭگونىڭ ئەھۋالىنى چۈشىنىشىگە باغلىق، چەت ئەللىك يولداشلارنىڭ جۇڭگونىڭ ئەھۋالىنى بىلىشىگە تايىنىشقا بولمايدۇ، ياكى چەت ئەلنىڭ بىزگە ياردەملىشىپ تۇرۇش قىلىپ بېرىشىگە تايىنىشقا بولمايدۇ. بۇنىڭدا كېيىنكى ۋاڭ مىڭ لۇشيەنى نەزەردە تۇتۇلمىغان، لى لىسەن لۇشيەنى تېخى چىقمىغان ئىدى. بىزدە بىر مەزگىل كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ بىزگە قارار يېزىپ بېرىشى، ئومۇمىي پروگراممىنا يېزىپ بېرىشى، يولىيورۇق بېرىشىگە تايىنىدىغان ئەھۋاللار يۈز بەردى.

«خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈش»نى دەل تەكشۈرۈش، تەتقىق قىلىش ئىستىلىنى كەڭ ئەۋج ئالدۇرۇش ئەمدىلا ئەشەددىي قىلىنىۋاتقان چاغدا، ماۋ زېدۇڭنىڭ ئۇنى قايتىدىن تېپىشى ياخشى ئىش. ئۇنىڭ مۇھىم قىممىتىنىڭ قايتىدىن بايقىلىشى پۈتۈن پارتىيىنىڭ تەكشۈرۈش - تەتقىق قىلىش ئىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىدىيەۋى ئىستىلنى ئۆزگەرتىشنىڭ كۈچلۈك قورالى بولۇپ قالدى.

بۇ ماقالە شۇ قەدەر مۇھىم بولسىمۇ، ئەمما ماۋ زېدۇڭ بۇنى ئاشكارا ئېلان قىلىشقا ئىھتىياتچان پوزىتسىيىدە بولدى. ئۇ 3 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىكى يىغىندا مۇنداق دېگەن ئىدى: مەن بۇ ماقالىنى ھازىر ئېلان قىلىشقا قوشۇلمايمەن، پەقەت ئىچكى جەھەتتە كۆرۈپ قويسىلا بولىدۇ. ھازىر بۇنىڭ رولى قەيەردە؟ بۇ ماقالىنى بەزىلەر بىلمەيدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، بۇ ماقالىدا شۇ چاغدىكى دېموكراتىك ئىنقىلاب مەسىلىسى بايان قىلىنغان. دېموكراتىك ئىنقىلاب مەسىلىسى جاھانگىرلىككە ۋە فېئوداللىزمغا قارشى تۇرۇش مەسىلىسى. ھازىرقى مەسىلە سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش مەسىلىسى، بۇنى. ماقالىنى كۆرگۈچىلەرگە ئېنىق چۈشەندۈرۈپ قويۇش كېرەك. ئۇ كىشىلەرنىڭ ئېسىگە قايتا - قايتا سېلىپ مۇنداق دېگەن ئىدى: بۇ ماقالىنى تارقىتىش ۋاقتىدا، بىر ئاز ئىزاھ بېرىپ ئۆتۈش كېرەك، ئاساسەن ئاساسىي ئۇسۇلىنى سۆزلەش كېرەك. دېموكراتىك ئىنقىلاب مەزگىلىدە تەكشۈرۈش - تەتقىق قىلىش ئېلىپ بېرىلدى، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش باسقۇچىدىمۇ يەنىلا تەكشۈرۈش - تەتقىق قىلىش ئېلىپ بېرىلىدۇ، بىر تۈمەن يىلدىن كېيىنمۇ يەنە تەكشۈرۈش - تەتقىق قىلىش ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇ ئۇسۇلنى قوبۇل قىلىشقا بولىدۇ. بۇ ماقالە بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلابىدىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن يېزىلغان، ھازىرقى مەسىلە بۇ مەسىلە ئەمەس. بۇ ئۇقتىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ قويۇش كېرەك.

ماۋ زېدۇڭنىڭ بۇ سۆزلىرى دىئالېكتىك روھ بىلەن دوگماتىزمغا قارشى تۇرۇش روھىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

1961 - يىل 3 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، ماۋ زېدۇڭ «خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈش» دېگەن ماقالىنى باستۇرۇپ گۇاڭجۇ يىغىنىغا قاتناشقان يولداشلارغا تارقىتىپ بەرگەندە، ئۇنىڭ ماۋزۇسىنى «خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈش توغرىسىدا» دەپ ئۆزگەرتكەن ۋە ئەدەبىي جەھەتتىن قىسمەن تۈزىتىش كىرگۈزگەن، مەسىلەن، «بولشېۋىكلار» دېگەن سۆزنى «كوممۇنىستلار» دەپ، «سوۋېت» دېگەن سۆزنى «ھۆكۈمەت» دەپ، «6 - قېتىملىق قۇرۇلتاي» دېگەن سۆزنى «پارتىيىنىڭ 6 - قۇرۇلتىيى» دەپ ئۆزگەرتكەن ۋە باشقىلار.

ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كۆپلىگەن كىشىلەر «خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈش توغرىسىدا» دېگەن ماقالىنىڭ رولى ۋە ئەھمىيىتىنى بارغانسېرى چۈشىنىپ يەتتى. پارتىيە ئىچىدىكى نۇرغۇن يولداشلار بۇ ماقالىنى ئاشكارا ئېلان قىلىشنى تەلەپ قىلدى. 1964 - يىلى يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ ماقۇللۇقى بىلەن بۇ ماقالە «ماۋ زېدۇڭ ئەسەرلىرىدىن تاللانما» دېگەن كىتابتا تۇنجى قېتىم ئاشكارا ئېلان قىلىندى.

بۇ ماقالىنى «تاللانما»غا كىرگۈزۈش ۋاقتىدا، تېخىمۇ جايىلىك ئەدەبىي جەھەتتىن بىر ئاز تۈزەتتى. بۇ ماقالىنىڭ يېزىلغان ۋاقتىنى بېكىتىش ئۈچۈن، ئۇ 3 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئاخشىمى ماۋ زېدۇڭغا بۇ ماقالىنىڭ يېزىلغان ۋاقتىنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم تەكشۈرۈپ بېكىتىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلىپ بىر پارچە خەت يازدى، خەتتە مۇنداق دېيىلگەن ئىدى: «جۇشىنىڭ بۇ ماقالىنىڭ يېزىلغان ۋاقتىنى قايتا ئەسلەپ كۆرۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئەگەر جۇشى قەيەردە يېزىلغانلىقىنى ياكى بۇ

ماقالىنى يېزىشنىڭ ئالدى - كەينىدە قانداق جوڭراق ۋەقەلەرنىڭ بولغانلىقىنى يادىغا كەلتۈرەلىسە، بىز مۇشۇ يىپ ئۇچىغا ئاساسەن، ماقالىنىڭ يېزىلغان ۋاقتىنى بىر قەدەر توغرا بەلگىلىيەلىگەن بولاتتۇق».

ماۋزېدۇڭ شۇ ئاخشىملا ماقالىنى بېكىتىپ تيەن جيايىڭغا قايتۇرغان ۋە ماقالىنىڭ ماۋزۇسىنى يەنە «كىتابۋازلىققا قارشى تۇرايلى» دەپ ئۆزگەرتىپ، بىر نەستىق سۆز يازغان: «بۇ ماقالە 1929 - يىلى يېزىلغان، يېزىلغان ئورنىنى ئېسىمگە ئالالمىدىم، ئاۋۋال شۈنۇۋ ناھىيىسىدە «كىتابۋازلىققا قارشى تۇرايلى» دېگەن ماۋزۇدا قىسقا بىر ماقالە يازغان ئىدىم. كېيىن بۇ ماقالىنىڭ بەك قىسقا يېزىلىپ قالغانلىقىنى، يولداشلارنى قايىل قىلالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، يەنە ئۆزگەرتىپ، مۇشۇ ئۇزۇن ماقالىنى يېزىپ چىققان ئىدىم، مەزمۇنى ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشايدۇ، ئەمما بىر ئاز كېڭەيتىلگەن. شۇ چاغدا ماقالىلارنىڭ ھەر ئىككىسى شاپىگرافتا بېسىلغانىدى». بۇ يەردە كىتابخانلارنىڭ شۇنىڭغا دىققەت قىلىشىنى سورايمىزكى، ماۋزېدۇڭ بۇ ماقالىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قېتىم بېكىتىلگەن نۇسخىسىغا ئۆز قەلىمى بىلەن مۇنداق بىر جۈملە سۆزنى قوشقان: «ماركسىزم كىتابلىرىنى ئۆگىنىش كېرەك، لېكىن ئۇنى مەملىكىتىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى بىلەن بىرلەشتۈرۈش لازىم. بىز كىتابقا مۇھتاج، لېكىن ئەمەلىي ئەھۋالدىن ئايرىلغان كىتابۋازلىقنى چوقۇم ئۆزگەرتىشىمىز كېرەك». بۇ، ماۋزېدۇڭ بۇ ماقالىغا كىرگۈزگەن ماھىيەتلىك مەزمۇنغا باغلىنىشلىق بىردىنبىر ئۆزگەرتىشتۇر. شۈبھىسىزكى، بۇ ناھايىتى مۇھىم بىر تولۇقلىمىدۇر. ئەمما پۈتۈن ماقالىنى ئومۇمىي جەھەتتىن كۆزەتكەندە، بۇ ئىدىيىنىڭ ئەسلىدىلا بار ئىكەنلىكىنى، پەقەت بۇنداق ئومۇملاشتۇرۇپ بايان قىلمىغانلىقىنىلا بىلەلەيمىز، خالاس.

ماقالىنىڭ يېزىلغان ۋاقتىنى 1929 - يىلى دەپ بېكىتكەنلىككە تيەن جيايىڭ گۇمانلىنىپ، سىياسىي ئىشلار تەتقىقات بۆلۈمىدىكى بىر يولداشنىڭ ماۋزېدۇڭنىڭ 1929 - يىلى قىشتىن 1930 - يىلى 5 - ئايغىچە بولغان ئارىلىقتىكى پائالىيەتلىرىدىن بىر تەپسىلىي ماتېرىيال تەييارلاپ، ماۋزېدۇڭغا يوللاپ بېرىشىنى ئۆتۈنگەن ئىدى. ماۋزېدۇڭ بۇ ماتېرىيالنى كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن، ماقالىنىڭ يېزىلغان ۋاقتىنى ئەڭ ئاخىر 1930 - يىل 5 - ئاي قىلىپ بېكىتكەن.

«كىتابۋازلىققا قارشى تۇرايلى» دېگەن ماقالە مۇھىم تارىخىي ھۆججەت بولۇپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تارىخىنى ۋە ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ راۋاجلىنىش تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە؛ ئۇ يەنە ئىلمىي قىممىتى بار ۋە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە ئەسەر، ئۇنىڭدىكى ئومۇمىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدىيە مەڭگۈ نۇر چاچىدۇ. بۇنىڭدىن كىتابخانلار ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ جېنى يەنى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، ئاممىۋى لۇشيەن، مۇستەقىل - ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇشتىن ئىبارەت ئۈچ جەھەتتىكى ئاساسىي مەزمۇننىڭ بۇ ماقالىدا بارلىقىنى كۆرۈۋالالايدۇ. بۇ ماقالە تېپىلىپ ۋە ئالاھىدە ئېتىبارغا ئېلىنىپ جامائەت بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈلدى. بۇ يەردە شۇ يىللاردا بۇ ھۆججەتنى ساقلاپ قويغان ۋە ئۇنى يىغقان فۇجيەن ئۆلكىسىنىڭ لۇڭيەن يەرلىك پارتكومىدىكى يولداشلارغا، ئىنقىلاب مۇزېيىدىكى يولداشلارغا ۋە سىياسىي ئىشلار تەتقىقات بۆلۈمىدىكى يولداشلارغا، بولۇپمۇ تيەن جيايىڭغا رەھمەت ئېيتىش كېرەك.

## 11. جىجاڭنى تەكشۈرۈش ۋە خەلق گۇڭشېسى ھەققىدىكى «60 ماددا»

1961 - يىل 1 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، پارتىيە 8 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 9 - ئومۇمىي يىغىنى ئاياغلاشاي دېگەندە، ماۋزېدۇڭ تيەن جيايىڭنى چاقىرىپ كېلىپ: «سىز بۇ قېتىمقى يىغىنغا قاتناشماپسىز، بۇنىڭدىن نېمە ئۈچۈن خەۋەرسىز قالدىم؟» دېگەن ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن يىغىن گۇرۇپپىسىدىكى يولداشلارغا تيەن جيايىڭغا يىغىن ماتېرىياللىرىدىن بىر يۈرۈش بېرىشنى تاپشۇرغان.

1 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، تيەن جيايىڭ ماۋزېدۇڭنىڭ بىر پارچە خېتىنى تاپشۇرۇۋالغان.

«يولداش تيەن جيايىڭ:

(1) «خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈش» دېگەن بۇ ماقالىنى جېڭ بۇدا، خۇ چياۋمۇلارنىڭ ھەر بىرىگە بىر نۇسخىدىن ئايرىم - ئايرىم ئەۋەتىپ بېرىڭ، مېنىڭ ئۇلارغا بۇ ماقالىنى تۈزىتىپ چىقىشقا ئەۋەتكەنلىكىمنى ئەسكەرتىپ قويۇڭ (ئەدەبىي جەھەتتىن ۋە مەزمۇن جەھەتتىن).

(2) جېڭ بۇدا بىلەن خۇ چياۋمۇغا ئېيتىپ قويدۇم، ھەر بىرىڭلار بىردىن ئۈچ تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى قۇرۇڭلار، ھەر بىر گۇرۇپپا گۇرۇپپا باشلىقى بىلەن قوشۇلۇپ يەتتە كىشىدىن تەركىب تاپقان بولسۇن، بۇ گۇرۇپپىلارغا جېڭ بۇدا، خۇ چياۋمۇ ۋە تيەن جيايىڭلار گۇرۇپپا باشلىقى بولسۇن. بۇ گۇرۇپپىلار بۈگۈن، ئەتە ۋە ئۆگۈن بولۇپ مۇشۇ ئۈچ كۈن ئىچىدە قۇرۇلۇپ بولسۇن. ھەممەيلەن تۆۋەن سەۋىيىلىك بولماستىن، يۇقىرى سەۋىيىلىك بولسۇن. ھەر بىر كىشىگە «خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈش» (1930 - يىل ئەتىيازدىكى نۇسخىسى)دىن بىردىن تارقىتىپ بېرىپ، مۇزاكىرە قىلىپ كۆرۈڭلار.

(ئاخىرى كېيىنكىساندا)

(رىشىت ۋاھىدى تەرجىمىسى)




▲ ئۇنىڭ تەجرىبىسى



▲ باشلامچى ئالدىدا



▲ نېمە يېگەنتىڭىز ؟



▲ ئالدىدا بىرخىل ، كەينىدە بىرخىل



▲ ھەممىسى كۈچ چىقارماقتا •



▲ ھەركىم ئۆز بىلگىنىنى قىلىش

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قوغداش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان قوراللىق ساقچى مەلۇم قىسىم پارتكومى كۆپ يىللاردىن بۇيان قىسىمنىڭ ئىدىيىۋى - سىياسىي قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق چىڭ تۇتۇپ، قىسىم پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ ھەر خىل تۈزۈملىرىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈردى، قىسىمنىڭ يۈكسەك مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىپ، قىسىمنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش ئىقتىدارىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈردى. ئۆتكەن يىلى 19 - ماي تۇرۇش، چېقىش، بۇلاش ۋەقەسىنى تىنجىتىش جەريانىدا، بۇ قىسىم ئىسسىق قېنى ۋە ھاياتىنى تەقدىم قىلىپ شان - شەرەپ قازاندى. جۇڭ ئەترەت يۇقىرىنىڭ ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ تەقدىرلىشى ۋە مۇكاپاتلىشىغا ئېرىشتى، بىرىنچى ئوتتۇرا ئەترەت كوللېكتىپ 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.



↑ ئەترەت باشلىقلىرى ۋەزىپە ئۆتەش، مەشىق قىلىش لايىھىسىنى تۈزمەكتە.







↑ جەڭچىلەر دۈشمەن تۇتۇش تېخنىكىسىنى مەشىق قىلماقتا.

↖ ئەترەت باشلىقى جەڭچىلەرنىڭ ھەرىكىتىگە يېتەكچىلىك قىلماقتا.

← جەڭچىلەر دۈشمەنگە زەربە بېرىش مەشىقىنى ئورۇنلىماقتا.



→ قاراۋۇللار ۋەزىپە ئۆتىمەكتە.














مۇقاۋىدا: پولات قورغان          جاۋ جۇنئەن فوتوسى
ۋەكالەت نومۇرى: 42 — 58، پوچتا نومۇرى 830003، باھاسى 0.50 يۈەن